تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

# سەھەردە كۆرگەن چۈش



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

# سەھەردە كۆرگەن چۈش

(پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

晨梦/吐尔逊娜依著。— 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.8

ISBN7—228—06590—5

Ⅰ.晨… Ⅱ.吐 … Ⅲ.短篇小说 — 作品集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第051605号

责任编辑:吐尔尼沙·艾山
责任校对:阿尔孜古丽·克理木

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆畜牧印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本　5.5印张　2插页
2001年9月第1版　2001年9月第1次印刷
印数:1——3,000

ISBN7—228—06590—5/I·2426　定价:8.00元



# مۇھەررىردىن

لىرىك شائىرە تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن 1945 ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكىرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1951 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھەر نوۋىشى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1962 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە قەشقەردە، خوتەندە ئوتتۇرا ۋە سفەن مەكتەپلەردە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ «تارىم ژورنىلى» دا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1959 ـ يىلى «ياشلار گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تارىمنى گۈلزار قىلغىلى كەلدىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «جىنەستە»، «بەشكىرەم گۈلباغلىرى»، «تۇمەن دەرياسى» قاتارلىق نەچچە يۈز پارچە شېئىرى، «گۈلنىھال»، «لالە»، «سەپەر ناخشىسى»، «چۆلدىكى بېكەتتە»، «ھايات»، «چىغىر يول»، «سەھرا نەزمىلىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى، «گۈلنىھال» ناملىق داستانلار توپلىمى، «تىللا يوپۇرماقلار»، «قارا قۇشقاچ»، «بالىلىقىم»، «سەھرادىن كەلگەن قىزچاق»، «قىزىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» قاتارلىق ھېكايە

توپلاملىرى نەشر قىلىندى .

ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، كەسپىي يازغۇچىسى ، مۇئاۋىن رەئىسى . جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

بۇ توپلامغا ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان يازغان شېئىر داستانلىرىنىڭ بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

ھازىر ئۇ « يۇلغۇن لىرىكىسى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا .

# مۇندەرىجە


ئامرىقىم سىز ........................................ 1
يۇسۇپ ـ زۇلەيخالار ........................................ 7
ئانامنىڭ چىشى ........................................ 19
قىزنىڭ كۆز يېشى ........................................ 23
كېلەر يەكشەنبە ........................................ 29
قەبرىدىكى لەيلى ........................................ 36
بوتىلاق ........................................ 41
زۇكام بولۇپ قاپسىز ........................................ 47
ئاھ ، قىزىل ياقۇت ........................................ 50
چىقىمنى كىم تۆلەيدۇ ........................................ 61
ئانا ........................................ 64
ئۇنىڭ كۈنلىرى ........................................ 71
سەھەردە كۆرگەن چۈش ........................................ 75
ئادەم بولماق تەس ........................................ 84
گۈزەللىك قۇدرىتى ........................................ 88
دوللارچى خېنىم ........................................ 92
ياز كۈنى ........................................ 112
ئىش ئىگىسى بىلەن ........................................ 120
نۇزۇگۇم ........................................ 123

# ئامرىقىم سىز . . .

— ئامرىقىم ، سىز نېمىدېگەن گۈزەل .

— ئاشۇرۇۋېتتىڭىز .

— ئامىرىقىم ، سىز ئۇچۇن گۈزەل دېگەن سۆز ئازلىق قىلىدۇ ، ئۇ بىر مەۋھۇم سۆز ، سىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىڭىزنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا بىر تال ھال ئەتىرگۈل دېسەم تازا جايىدا بولىدۇ .

— سىززە . . . دائىم شۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز ، كىشىنى خىجىل قىلىپ .

— ئامىرىقىم ، سىزدەك قىزغا ئۇچراپ قالغىنىم مېنىڭ بەخت ـ سائادىتىم ، پەخرىم ، غۇرۇرۇم ، شادلىقىم سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز قانداق ؟سىزمۇ گەپ قىلىپ بېقىڭچۇ ؟

— جېنىم ، مەن سىزنى سۆيىمەن .

— ئامرىقىم ، سىز مېنىڭ « گۈزىلىم » دېگەن شېئىرىمنى كۆردىڭىزمۇ ؟

— ئوقۇدۇم ، ھەم يادلىۋالدىم ، ئۇ ناھايىتى ياخشى شېئىر .

— گۈزىلىم ، سىز بىلەمسىز ؟

— نېمىنى ؟

— ئۇ شېئىرنى مەن سىزگە قارىتىپ يازغان .

— چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ ، ئۇ شېئىر ئېلان قىلىنغاندا

مەن سىزنى تونۇمسام،

— بىراق مەن سىزنى تونۇيتتىم.

— جېنىم مۇشۇنداق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسام ھەم خۇشال بولىمەن ھەم قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسىز، سىز گۈزەللىمنى مەن سۆيىدىغان تۇرسام، سىز بۇ يەردىكى ھەممە قىزدىن گۈزەل، شۇڭا مەن سىزنى ھەممىسىدىن بەك سۆيىمەن، مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا ھەقىقىي بىر شائىرغا ئايلاندىم.

— مەن سىزنىڭ ئاشۇنداق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسام ئىچىمگە ئەندىشە كىرىۋالىدۇ.

— گۈزەللىم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان شەيئى يوق، بىر كۈنلىرى مەنمۇ قېرىپ سەتلىشىپ كەتسەمچۇ.

— . . . مەن . . . مەن شۇ چاغدىمۇ سىزنى سۆيىمەن. گۈزەل ئادەملەر قېرىسىمۇ ئۆز ھۆسنىدىن قالمايدۇ.

— جېنىم، ئىشتىن بۇرۇنلا چۈشۈپسىز،

— ئامرىقىم، سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتىشقا ئالدىرىغىنىم ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

— نېمە خۇش خەۋەر ئىكەن ئۇ؟

— مېنى تەشكىل x شەھىرىگە يۆتكەپتۇ.

— بۇنىڭ نېمە خۇشال بولغۇچىلىكى بار. ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مۇشۇ يەردە تۇرسا.

— ئامرىقىم كىچىك جاينىڭ كىچىكلىكى بار. چوڭ شەھەر دېگەننىڭ مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى، راھىتى، ئويۇن ـ تاماشاسى كۆڭۈلدىكىدەك بولغاچ كىشىلەر چوڭ شەھەرگە ئىنتىلىدۇ.

— بىز چوڭ شەھەرگە ئوينىغىلى بارامتۇق .
— ياق ، ياق ، ئاۋۋال خىزمەت ، ئاندىن كېيىن گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن .
— موشۇ يەردىمۇ تۇرمۇشىمىز گۈزەلغۇ ؟
— ئامرىقىم ئۇ يەردە تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىمىز . سىزنى قونچاقتەك ياساپ قويىمەن ، بىزگە بىردەمدىلا ھەممىسىنىڭ كۆزى چۈشىدۇ .
— ئېھ ! سىزنىڭ غەلىتە ھەۋەسلىرىڭىزنىڭ تولىلىقى .
— ئامرىقىم ، قايسى بىر كىتابتا ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ ، كىيىمىمۇ ، تۇرمۇشىمۇ گۈزەل بولۇشى كېرەك دېگەندەك بىر گەپنى ئوقۇغاندەك قىلىۋېدىم ، ئادەمنىڭ ھەممە نېمىسى گۈزەل بولۇشى كېرەك . ئامرىقىم گۈزەللىك ئۈچۈن ئالغا !
— ئەھ ! سىزنىزە . . .

— گۈزىلىم ، سىز مۇشۇ كۆكلىكىڭىز بىلەن تىياتىرغا بارامسىز ؟
— جېنىم ، ئۆزىڭىز دائىم مۇشۇ كۆكلىكلىك ئۆزۈڭگە بەك يارىشىدۇ ، مېنى خۇش قىلاي دېسەڭ مۇشۇ كۆكلىكىنى كەي دەيتتىڭىزغۇ ؟
— گۈزىلىم ، ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپ ، ھازىر سىز چوڭ شەھەرگە كېلىپ قالدىڭىز . قىزلارنىڭ قانداق كىيىنىدىغانلىقىغا قاراپ باقتىڭىزمۇ ؟
— مەن ئەزەلدىن خەقنى دوراپ كىيىم كىيمەيمەن ، ئۆزۈمگە ياققىنىنى كىيىمەن .
— ئۇغۇ شۇنداق ، شۇنداقتىمۇ ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە ، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە دېگەن گەپ بار ـ دە ، خەقنىڭ سىزنى

مەدەنىيەتسىز دېيىشىنى خالىمايمەن ، كوپتا ـ يوپكىڭىزنى كىيىۋېلىڭ .
ــ بوپتۇ ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئۈچۈن كىيسەم كىيەي ،
ــ ھە ، مانا ھۆسنىڭىزگە ھۆسن قېتىلدى ، گۈزىلىم . چېچىڭىزنى ھېلىقى نېمە دەيتتى بىر قانداق قىلىپ چوققىڭىزغا تۈرۈۋالسىڭىزچۇ ؟
ــ كىنودىكى ياپون ئاياللىرىدەكمۇ ؟
ــ ھەئە . . . ھەئە . . .
ــ مەن ئالاھىدە ياسىنىشنى ياقتۇرمايمەن . بەك ياسىنىپ كەتسەم خىجىل بولۇپ گويا ھەممە خەق ماڭا قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، يول ماڭالمايمەن . چېچىمنى ئىككى تال قىلىپ تاشلاپ يۈرۈشنى ياقتۇرىمەن .
ــ ھېچبولمىسا ئىككى چېكىڭىزدىكى توپقا قېتىلماي ۋاتقان چاچلىرىڭىزنى يىغىشتۇرسىڭىزچۇ ؟ ئەركىشى تۇرۇپ ھەممە ئىشنى مەن ئۆگىتىپ يۈرەمدىمەن .
ــ جېنىم ، سىز نېمە بولدىڭىز ، ئاچچىقلىنىۋاتامسىز ؟
ــ تېزرەك بولۇڭ ، تىياتىرغا كېچىكىمىز .

ــ ئامرىقىم بىر گەپنى ئېيتسام رەنجىپ قالامسىز ؟
ــ نېمىشقا رەنجىيمەن ؟
ــ بىزنىڭ ئىداردىكى ئاياللار سىزنى ئۆي تۇتۇشنى بىلمەيدىكەن دېيىشىۋاتىدۇ .
ــ ئۆزىمىزگە قولايلىق ، ئازادە ، پاكىزە بولسا بولدى ، ئۆيىمىزنى خەقلەرنى دوراپ جابدۇق ماگىزىنىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى خالىمايمەن .

— ئامرىقىم ، سىز تولىمۇ جاھىل ـ دە ، بۇ دېگەن چوڭ شەھەر ، ئۆي گۈزەل بولمىسا كەلگەنلەر بىزنى سەھرالىقنىڭ سەھرالىقى بار دەپ ياراتمايدۇ .

— ياراتمىغانلار كەلمەي قويسۇن ، كەلگەنلەر يارىتىپ ماختىشىۋاتىدۇ ، ئۆزۈم پاتمىغان كاماغا ، غەلۋىر باغلاي قۇيرۇ-قۇمغا دەپ بۇ بىر يېرىم ئېغىز ئۆينىڭ نەرىگە قوش ـ تاق ساپا ، ئېگىز ـ پەس ئىشكاپلارنى قوياتتىم .

— ھەي ، سىز بەك خۇراپىي ـ دە .

— ھەي ئەمدى مەن خۇراپىي ھەم جاھىل بولدۇممۇ ؟

— ئامرىقىم ، بالىنى پەس قىلسىڭىزچۇ ؟ بالىنىڭ يىغىسى-دىن ئىشلىيەلمەيدىغان بولدۇم .

— ئىشىڭىزنى ئىدارىدە تۈگەتمىگەنمىدىڭىز ؟

— ئۆيدە قىلىدىغان بىرمۇنچە ئىشلىرىم بار ئىدى ، ئادەمگە بىردەممۇ ئارامچىلىق يوق ئىكەن ـ دە .

— ئۆيدە كىچىك بالا بولغاندىكىن ئەمدى بۇرۇنقىدەك تىنچلىق بولمايدۇ ، جېنىم ، قارىڭا ئوغلىمىز سىزگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ .

— ۋاي بولدى ، كۈلمەي قويسۇن . بالىنى بىردەم قوش-نىلارنىڭكىگە ئاچىقىپ ئوينىتىپ كىرسىڭىزچۇ ؟ مەن ئىشىمنى تۈگىتىۋالاي .

— جېنىم ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، قوشنىلار ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېلىشتى .

— ئۇنداق بولسا مەن ئىشىمنى ئىدارىغا بېرىپ ئىشخانامدا قونۇپ شۇ يەردە ئىشلەپ تۈگىتەي .

— جىنىم ، ئۆيگە قايتمىغىنىڭىزغا بىر نەچچە كۈن بول-
دى ، ئىشلەۋېرىپ ئاغرىپ قالماڭ يەنە .
— ھېچقىسى يوق ، قولۇمدىكى ئىش تېخى تۈگىمىدى ، ئۇ
تۈگىسە يەنە يېڭى ئىش بار .
— ئۇنداقتا . . . ئۇنداقتا پات قايتالمايدىكەنسىز - دە .
— ھەئە .
— جىنىم سىز نېمە بولدىڭىز ؟
— كىشىنىڭ مىجەزىنى بىلىپ بولماق تەس ئىكەن .
سىزدەك گۈزەل ، ئوماق بىر قىزنىڭ بىر بالا تۇغۇپلا مۇشۇنداق
كېلەڭسىز ، جاھىل ، نادان خوتۇنغا ئايلىنىشىنى بىلگەن بولسام
ئەسلا ئۆيلەنمەسكەنمەن .
— جىنىم ، سىز بۇرۇن بۇنداق دېمەيتتىڭىزغۇ ؟
— سىزمۇ مۇنداق ئەمەستىڭىزغۇ ؟

1980 - يىلى

## يۈسۈپ ـ زۇلەيخالار

ئىرىنگە ئىشەنگۈچە، ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇچىغا ئىشەن.

**خەلق ماقالىسى**

ياش قىزلار چوكانلارغا ناھايىتى ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ. چۈنكى، چوكانلىق دەۋرى ئايال كىشىنىڭ خۇددى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان ۋاقتى بولۇپ، ئادەتتە قىز دەۋرىدە ئانچە چىرايى كۆزگە تاشلانمايدىغان قىزلارمۇ چوكانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ناھايىتى جازىبىلىك بولۇپ كېتىدۇ. كۆزلىرى خۇمارلىق باقسا، يۈزلىرى سۈزۈلۈپ، بەئەينى تۈكىنى سۈرتۈپ ئاغزىغا ئاپىرىشقا تەييارلىغان ئەششاپتۇلغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

قوشنىمىز بۈۋى مەرىيەمخان دەل ئەنە شۇنداق، ئەششاپتۇلدەك چىلىك ۋە ئاق يۈزلۈك چوكان ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تازا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن قارا ئۆرۈكتەك قاپقارا ۋە يوغان، ئىچىدىن كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغىدەك بىر نۇر چاقنايتتى. بۇرۇنلىرى قاڭشارلىق بەئەينى يۇنان رەسساملىرى سىزغان بۈۋى مەرىيەم ئانىنىڭ رەسىمىگە ئوخشايتتى. يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىنى ئاز - تولا زىننەتلىگەن بۇرۇتلىرى ئۇنى سەبىي ئوغۇل بالىغا ئوخشىتىپ تۇراتتى. بۇرۇت ئۇنىڭ ھۆسنىنى بۇزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنىڭ ھۆسنىگە بىر زىننەت بولۇپ قوشۇلغانىدى. ئۇ چاچلىرىنى بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. ئۆي ئىچىدە بۇ يوغان ۋە ئېغىر چاچلىرىنى گىلەم تاشكەنت

دوپپىسىنىڭ ئۈستىدىن سەللىدەك قىلىپ يۆگىۋالاتتى . بېغىررەڭ دۇردۇندىن تىكىلگەن ئىشتىنىنى لەپىلدىتىپ ، خان ئەتلەس كۆڭلىكىنى بېلىگە تۈرۈۋېلىپ ھويلىلارنى سۇ سېپىپ تازىلايت-تى ، ئۆي بېسىقتۇراتتى ، ئىشقىلىپ بىكار تۇرمايدىغان چاققان چوكان ئىدى .

ئۇنىڭ ئېرى رەستىدە گەزمالچىلىق دۇكىنى بار يۈسۈپخان دېگەن كىشى بولۇپ ئۇمۇ يىگىرمە بەش - ئوتتۇز ياشلار ئەترا-پىدا ئېگىز ۋە قەددى قامەتلىك ، چىرايلىق قاپقارا بۇرۇتلۇق سۇم-باتلىق يىگىت ئىدى ، ئۈستىگە ئادەتتە سۇررەڭ پەلتو كىيەتتى . ئىچىگە كالتە كەمزۇل كىيىپ شايى بەلۋاغ باغلايتتى . يۈسۈپخان-نىڭ كۆزلىرى بۆۋى مەريەمنىڭ كۆزلىرىدەك قاپقارا بولماستىن قوي كۆزلۈك بولۇپ ئىچىدىن قانداقتۇر بىر قىزىلغا مايىل نۇر چاقناپ قارىغان كىشىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ ئۆتەتتى .

بوۋىغا يەتكەن قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشىك - دېرىزە يوچۇقىدىن ماراپ يۈسۈپخاننى بىر كۆرۈۋېلىشنىڭ قەستىدە يۈ-رەتتى ،

قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم ،
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا .

ئۈچىنچى مىسراسىغا كەلگەندە « جانىدىن كەچكەن يى-گىتلەر » دەپ ئېيتماي « جانىدىن كەچكەن سەتەڭلەر » دەپ ئېيتاتتى . تۆتىنچى مىسراسىدا « ئاشىنا بولسۇن ساڭا » دەپ يۈسۈپخاننىڭ دىققىتىنى ئەتەي جەلپ قىلىشقا تىرىشاتتى . لېكىن يۈسۈپخان بولسا خۇددى بەش ۋاق نامازدا مېھرابقا قاراپ ئولتۇرى-دىغان ئىمامدەك ئىككى يېقىغىمۇ قارىماي ئۇدۇل ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى . قىز - چوكانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار كېتەتتى .

يۇسۇپخان بىلەن بۇۋى مەريەم خېنىمنىڭ ئۆزىگە چۇش-
لۇق مۇھەببەت تارىخى بار بولۇپ كۆيۈپ ـ پىششىپ ، ئىلىپ ـ
تېگىشكەندى ، يۇسۇپخان چەكمەنچى كوچىسىدا پالانچى قاس-
ساپنىڭ خوتۇنىنىڭ بىر چىرايلىق سىڭلىسى بارمىش . بىراق ،
ئۆيىدىكىلەر ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ تالاغا چىقارمايمىش دەپ
ئاڭلاپ ، كۆرمەي تۇرۇپلا بۇ پەرىگە ئاشىق بولىدۇ . ئۇنى قانداق
كۆرۈشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ . بىر قانچە دۇكاندار ، ھۈنەرۋەن
ئاغىنىلىرى بىلەن بىر پىلان قۇرۇپ چىقىشىدۇ . يەنى ، بىر جۇ-
ۋىنى تەتۈر ئۆرۈپ ، ئۇنىڭ تۈكلىرىگە بىردىن كىچىك قوڭغۇراق
قاداپ ، ئايەم كۈنى بىر شوخ يىگىت ئۇ جۇۋىنى كىيىپ يۈزىگە
نىقاب تارتىپ چەكمەنچى كوچىسىدىن ئۆتىدۇ . ئۇ ئۆچكىدەك
سەكرەپ كەينىگە يۈزدەك تاماشىبىن ئەگەشتۈرۈپ قاسساپنىڭ
ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە يەردە دومىلاپ كولدۇرمىلىرىنى جىرىڭ-
لىتىپ ئېغىناشقا باشلايدۇ . بۇ كۈلكىلىك تاماشىنى كۆرمەك بو-
لۇپ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە كىشى كوچىغا چىقىدۇ . قاقاقلىغان
كۈلكىلەر پۈتۈن مەھەللىنى قاپلايدۇ ، قاسساپمۇ بۇ تاماشىدىن
قۇرۇق قالمايدۇ ، بۇۋى مەريەم ھاماچىسى بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ
تاماشا كۆرىدۇ ــــ دە ، قېتىپ ـ قېتىپ كۈلۈشكە باشلايدۇ ، دەل
شۇچاغدا ئاغىنىسى يۇسۇپخاننى نوقۇپ ئۆگزىگە شەرەت قىلىدۇ ،
يۇسۇپخاننىڭ كۆزى ئۇ پەرىگە چۈشىدۇ ــــ دە ، خۇددى ئەسكى
سامانلىققا ئوت كەتكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر يالقۇن ياماشقان-
دەك بولىدۇ . ئۇ پىرقىراپ يۈرۈپ ئابرۇيلۇق تۇغقانلىرىنى ئەلچە-
لىككە ماڭدۇرۇپ داغدۇغىلىق توي قىلىپ بۇ پەرىنى ئەمرىگە ئا-
لىدۇ ، توي ئاخشىمى كۆرۈپ باقمىغان كۈيۈسىنىڭ بۇنچە سۈم-
باتلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بۇۋى مەريەم چىرايلىق
كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ ، پىستىدەك ئاغزى بىلەن تاتلىق كۈ-

لۈۋىتىدۇ ، شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ چىرايلىقلاربىر ـ بىرىگە شۇنداق
ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كېتىدۇكى ئۇلار « تاڭ ئاتمىسا ، كۈن
چىقمىسا » دېگۈدەك بولۇپ بىر ـ بىرىنىڭ دىدارىغا قېنىشماي ئۆ-
تۈشكە باشلايدۇ ، بۈۋى مەريەم بىر كۈن كەچكىچە ئۆي ئىشىنى
قىلىۋېتىپمۇ ، تاماق ئېتىۋېتىپمۇ يۈسۈپخاننى ئويلاشتىن ئارام ئالال-
مايتتى ، گاھى ـ گاھىدا ئىككى مەڭزى توغاچتەك قىزىرىپ يۈ-
رىكى جىغىلداپ كېتەتتى ، يۈسۈپخاننىڭ قولى تەگكەن بىلەك-
لىرى كۆيۈشكەندەك بولاتتى . يۈسۈپخاننىڭ كېلىدىغان ۋاقتى
قاچان بولىدىكىن دەپ كۈنگە تولا قاراپ كۆزلىرى تېشىلگىدەك
بولاتتى . يۈسۈپخاننىڭ يۇيۇلغان كىيىملىرى ئارغامچىدا لەپىلدى-
سىمۇ ، شامال ئىشىكنى تىرىقلاتسىمۇ ، يۈسۈپخان ئۇشتۇمتۇتلا
كېلىپ كەينىدىن قۇچاقلىۋالىدىغاندەك يۈرەكلىرى ئويناشقا
باشلايتتى .

يۈسۈپخانچۇ ؟ ئۇمۇ دۇكاندا ئولتۇرۇپ كۈنگە قارايتتى .
تېزرەك پېشىن بولۇشنى كۈتەتتى . پېشىن بولمىغۇچە دۇكاندىن
قوپۇپ كېتىشتىن خىجىل بولىدۇ — دە ، ئەتىگەندە سەھەردە كې-
لىۋېلىپ دۇكاننى بىر ئېچىۋالسا تا نامازشام بولمىغۇچە دۇكاندىن
مىدىرلىمايدىغان ، نامازنىمۇ شۇ يەردە ئوقۇپ ئۈچ ۋاق تامىقىنىمۇ
شۇ يەردە يەيدىغان دۇكاندارلارنىڭ مەسخىرىسىدىن قورقۇپ دۇ-
كاندىن چىقالماسلىقى ئۇنىڭغا بەك ئەلەم قىلاتتى . ناماز ۋاقتى
بولدىمۇ ، يۈسۈپخان ئۆيگە چاپاتتى ، تەرەتنى ئېلىپ نامازنى بە-
زىدە مەسچىتتە بەزىدە ئۆيدە ئوقۇيتتى ، ئاندىن كېيىن خوتۇنىغا
زوق بىلەن تىكىلەتتى .

— خۇدايىمنىڭ ئۇلۇغلىقىنى قارىمامدىغان ، سىلىدەك بىر
پەرىشتىنى مەن ئۈچۈن يارىتىپ قويغىنىغا مىڭ قەتلە شۈكرى
خېنىم ، — دەيتتى ، بۈۋى مەريەممۇ ئەڭ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلى-

رىنى ، خۇلقلىرىنى بۇ سۆيۈملۈك ئېرىغا بېغىشلايتتى .
بۇۋى مەريەم ئېسىگە سالمىسا يۈسۈپخان دۇكاننى شاگىر-تىغا تاپشۇرۇپ خېنىمىنىڭ جامالىنى تاماشا قىلىپ ئۆيىدە ئولتۇر-غان بولاتتى . بىراق بۇۋى مەريەم ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ مىڭ بىر ئەركىلىتىپ ، يالۋۇرۇپ يۈرۈپ دۇكانغا چىقىشقا ئۇنىتاتتى ، ئۇمۇ ئەركـە بالا ئانىسىغا ئۇنى بەرمىسەڭ مەكتەپكە بارمايمەن ، دەپ دېگىنىنى قىلدۇرغاندەك دۇكانغا چىقمايمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ بۇۋى مەريەمنى يالۋۇرتۇشقا ئامراق ئىدى .
يۈسۈپخان بازاردىن كېلىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆ-يىگە كىرەتتى . خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ياكى كىر يۇيۇۋاتقان بۇۋى مەريەمنىڭ كۆزىنى تۇتۇۋېلىپ :
— خېنىم كۆزلىرىنى يۇمۇپ قوللىرىنى ئاچسىلا ، — دەپ ئۇنىڭ ئالىقىنىغا زىرە ياكى پەيپەزە ياكى مەرۋايىت سېلىپ قوياتتى .
بۇۋى مەريەم بەزىدە « مېنىڭ مۇنداق نەرسىلىرىم كۆپقۇ ، نېمە قىلىلا ئاۋارە بولۇپ » دەپ رەنجىگەندەك قىلسىمۇ لېكىن ئې-رىنىڭ ئامراقلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ئە-تىۋارلاپ ساقلايتتى پەقەت توي ياكى مېھماندارچىلىقلاردا تا-قايتتى .
بۇلار ئەنە شۇنداق ئامراق ئەر - خوتۇنلار بولغاچقا خەق-لەرنىڭ يۈسۈپ - زۇلەيخالار ئۇ دۇنيادا مۇرادىغا يەتكەن ئاشىق - مەشۇقلار بولسا بۇلار بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يەتكەن يۈسۈپ - زۇ-لەيخالار دېيىشەتتى .
بۇۋى مەريەمنىڭ زەينەپخان ئىسىملىك قوشنىسى بولۇپ قىزىقچى ، خۇش چاقچاق خوتۇن ئىدى ، بىر كۈنى تونۇر بېشىدا خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى ، ئا-

ياللارنىڭ قىزىق ئادەتلىرى بار . تۆت خوتۇن بىريەرگە جەم بولسىلا ئەرلىرىنىڭ ، بالىلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى قىلىشىدۇ . بىرەرسى ئېرىنىڭ غەيۋىتىنى باشلىسا قالغانلىرىمۇ ئەرلىرىنىڭ ھۇرۇنلۇقى ، بىپەرۋالىقى ھەققىدە غەيۋەت قىلىشىدۇ . ئەرلىرى ھۇرۇن بولمىغانلار ماختاندى دېمىسۇن دەپ ئەل قاتارى ئېرىنى يامانلاپ بىرەر سۆز قىتىپ قويۇشىدۇ . ئەگەر بىرەرسى ئېرىنى ماختاپ قويدىمۇ بولدى ، ھەممىسى ئېغىز - ئېغىزغا تەگمەي ئې- رىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق پەزىلەتلىرىنى كۆپتۈرۈپ ماختاپ قوشىد- سىدىن ئېشىپ كېتىشكە تىرىشىدۇ .

بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى ، بىر ياش ئايال ئۆز ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئامراقلىقى ھەققىدە بىر ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قويۇۋىدى ھەممىسى بۇ ھەقتە جاۋىلداپلا كېتىشتى . نۆۋىتىدە بۇۋى مەريەممۇ قىلىشماي يۈسۈپخان ھەققىدە بىر ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قويدى :

— يۈسۈپخان دائىم ، بىزنى خۇدا قوشقان بىرجۈپ ئەر - خوتۇن ، ئەگەر سەندىن ئايرىلسام ئۆلۈۋالىمەن ، دەيدۇ .

بۇ گەپ يۈسۈپخاننىڭ ئېيتىدىغان گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكىسى بولسىمۇ بىراق ئاياللارنىڭ بىردەك تەھلىل قىلىشىغا ئۇچرىدى .

— ئېرىڭگە ئىشەنگۈچە ئىشكىكنىڭ ئىلغۇچىغا ئى- شەن ، — دېدى زەينەپخان قاشلىرىنى مەنىلىك يىمىرىپ :

— ئەركىشى دېگەن خوتۇنى يېنىدا ۋاقتىدا ھەر نېمە دە- ۋېرىدۇ ، ئەمما بىردەم كۆرمىسىچۇ بىلگىنىنى قىلىدۇ .

باشقا ئاياللارمۇ بۇ سۆزگە قوشۇق سېلىشىپ ، پاكىتلار بىلەن بېيىتتى .

بىراق ، بۇۋى مەريەم بۇ پاكىتلارغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يۈسۈپخاننىڭ ئۆزىنى ھەددى - ھېسابسىز ياخشى كۆ-

رىدىغانلىقىنى ئىزاھلىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىلار ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە شەكىللەندى ، تالىشا ـ تالىشا ئاخىرى يۈسۈپ- خاننى سىنىماقچى بولۇشتى .كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەتەي تەقدىر ئو- رۇنلاشتۇرغاندەك بىر ئىش يۈز بەردى . يۈسۈپخان سەئۇدى ئەرە- بىستاندا بىر تاغسىنىڭ مال ـ مۈلكى مىراس قالغانلىقتىن ھەم ھەج قىلغاچ ھەم مال ـ دۇنيانى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قالدى . پات ئارىدا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ لېكىن بۇۋى مەريەمدىن ئايرىلىش يۈسۈپخاننىڭمۇ يۈرىكىنى ئوتتا كۆيدۈرگەندەك ئېچىشتۇرماقتا ئىدى ، بۇۋى مەريەممۇ يىغلاپ يە- غىدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى ، ئاخىرى جۇدالىق كۈنلىرى يې- تىپ كېلىپ بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق ۋاقىتنىچە ئايرىلىشتى .

خېنىم ئۆيدە قېلىپ يا قولى ئىشقا بارماي ، يا تاماق يې- گۈسى كەلمەي بىر ھەپتە كېسەل بولۇپ ياتتى . كېيىن قوشنى- لىرى ۋە يېزىدىكى تۇغقانلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچماق بولۇپ ئۇنى ئۇياق ـ بۇياققا سەيلە ، مېھماندارچىلىققا ئاپارماق بولۇشتى . لېكىن ئۇ ھېچ يەرگە بېرىشنى خالىمايتتى ، ئورنىدىن ساقىيىپ تۇرۇشنىغۇ تۇردى ، لېكىن ئۆي ، ھويلىدا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ شۇنىڭغا مەشغۇل بولۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتى ، ھەممىدىن يامىنى كېچىسى ئىدى ، بۇ ياش چوكان ئورۇندا يېتىپ تورۇستىكى ۋاسىلارنى ساناپ كۆزى ئوچۇق ھالدا تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلايتتى . يۈسۈپخان بېشىغا قويغان تەكيلەرنى پۇرايتتى ، قۇچاقلايتتى ، قېرىنشقاندەك بۇنداق چاغلاردا تاڭمۇ ئات- مايتتى ، تۈنلەر بىر يىلدەك تۇيۇلاتتى ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئا- خىرى بولىدۇ . شۇنداق ئازابلىق كۈنلەر ، ئايلار ئۆتتى . يۈسۈپ- خان بار ۋاقىتدا بۇۋى مەريەم خېنىمنىڭ بويىدا بار بولۇپ ئەمدى تۇغۇلغان بوۋىقى ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ داددا . . .

داددا . . . دەپ گـۈگۈراشقا باشلىدى ، ھېلىغىچە يارىنىڭ كېلىشىـ
ىدىن خەۋەر يوق ئىدى . بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بۈۋى مەريەمنىڭ
ئۈزۈن تۈنلىرى سەل قىسقارغاندەك ، كۆكۈلسىز تۇرمۇشى سەل
جـانلانغاندەك بولسىمۇ ، لېكىن بالىسىنىڭ قوي كۆزلىرى ، كەڭ
پـېشانىلىرى يۈسۈپخاننى ئەسلىتىپ تېخىمۇ ئىچىنى كۆيدۈرىۋې-
ىەتتى ، شۇنداق چاغلاردا ئۇخلاۋاتقان بالىسىنىڭ ئويغىنىپ كې-
ىتىشىدىنمۇ ئەندىشە قىلماي پېشانىلىرىگە سۆيەتتى ، پۇرايتتى .
ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ۋە چېكى بولىدۇ ، بۇ ئازابلىق
مـىنۇتلارنى ساناپ يىلغا ئۇلاشقاندا يۈسۈپخاندىن خەۋەر كەلدى ،
ھەجىگە بارغان ھاجىلار تاشقورغانغا يېقىن گىلگىت دېگەن جايغا
يېتىپ كەپتۇ . بۇ خەۋەر ياش چوكاننى ئاجايىپ خۇشال قىلىـ
ۋەتتى . جېنى ئىچىگە پاتماي ھاياجان ئىچىدە قالدى ، بۇ خەۋەر
مـەھەللىگە بىر كەلدى ، ھېلىقى شوخ چوكانلار يەنە بۈۋى مەر-
يـەمنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىشتى . بۈۋى مەريەمگە خىلمۇ خىل چاقـ
چـاق قىلىشتى . مەسلىھەتلەرنى بېرىشىپ ئىزا تارتقۇزۇۋېتىشتى .
ئاخىرىدا زەينەپخان چاتاقنى تېرىدى :
— چوكانلار ، يۈسۈپخاننى ھازىر سىنىمساق قاچان سىـ
ىنايمىز .
— ھە ، راست ، — دەپ ۋارقىرىدى يۈسۈپخاننى ئالدىيالـ
ماي داغدا قالغان كەپسىز چوكانلار ئەمدى تازا پەيتى كەلدى دەپ
بىلىشتى . ئۇلار بۈۋى مەريەمنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قارىماي بىر پىلان
تـۈزۈشتى . ۋە بۇ پىلاننى قاتتىق تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بو-
لۇشتى . بۈۋى مەريەم سۆيگەن ئېرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە قانچە
تەشنا بولسىمۇ لېكىن ئۇمۇ نائىلاج بۇ سىناققا قاتناشماي بولمىدى .
بـىر ھېسابتا ئۆزىمۇ ئېرىنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بولدى ، دېمىـ
سىمۇ بۈۋى مەريەمنى بىردەم كۆرمىسە چىدىمايدىغان كىشى بىر

يىلنى قانداق ئۆتكۈزگىنىنى كىم بىلىدۇ ، سىناپ باققانىنىڭ زىيىنى يوققۇ .

يۇسۇپخان ھەج سەپىرىدىن كېلىپلا يۇك ـ تاقلارنى چۇشۇرمەي ئۆزىنىڭ ئىشىكىگە يۈگۈردى ، ئۆي قۇلۇپلانغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغاندەك كۆرۈنەتتى . ئىشىك ئالدىنىمۇ ئەخلەت بېسىپ كەتكەنىدى ، ئۇنىڭ يۈرىكى بىر خىل شۇملۇقنى سەزگەن- دەك قارتىندە قىلىپ قالدى ، يېقىن قوشنىسى زەينەپخانىنىڭ ئى- شىكىنى قاقتى . زەينەپخان يۇسۇپخاننى كۆرۈپلا « ۋاي ھاجىم ، سىلىنى كۆرىدىغانمۇ كۈن بولىدىكەن ، ۋاي رەھمەتلىك بۇۋى مەريەمخان ، مۇشۇ كۈنگە يەتكەن بولسا نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى دەپ يىغىنى بىر باشلىۋىدى ، يۇسۇپخاننىڭ يۈرىكى يېرىلىپ جېنى چىقىپ كەتكىلى ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى ، زەينەپخان ھاجىمنىڭ رەڭگىگە قاراپ قورقۇپ كەتتى . راستىنى ئېيتىۋېتىشكە ئاز قالدى ، ھېلىقى شوخ چو- كانلار يېتىپ كېلىشىپ ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىپ ئىشكنى ئې- چىشتى . ھاجىمنى ئۆيگە ئەكىرىشتى ، بىللە كەلگەن كىشلەر داڭ قېتىشىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى .

ھاجىم ئۈچ كۈن ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ تە- رەت ئېلىپ ناماز ئوقىدى ، ئۇنىڭ رەڭگى سارغايغان قاپاقلىرى ئىششىغانىدى .

بۇ بەش ئائىلىلىك كىچىك مەھەللىدە يەنە بىر مارى خېنىم ئىسىملىك تۇل چوكان يېرىم يىل ئاۋۋال قازا قىلغانىدى ، كۆ- رۈشكىلى كەلگەن پەتىچىلەرنى ئۇزىتىپ ، تۇپراق بېشىغا چىقىپ ھاجىم بالا قازانىڭ ئۆز بېشىغا كەلگەنلىكىگە راستىنلا ئىشەندى . ھاجىمنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر مۇسىبەت ئەزسىمۇ لېكىن بىر ياشقا

كىرەي دەپ قالغان ، بۇۋى مەريەمنى ئەسلىتىپ قارا كۆز قوشۇما قاش بوۋىقىنىڭ كۆڭۈللۈك گۈڭۈراشلىرى ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ئاز تولا مەلىكە قىلاتتى . ھەسرىتىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇراتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، بالىنى پەرۋىش قىلماي مۇمكىن ئەمەس ، ئۇ قىزىنىڭ بۇۋى پاتىمە ئىسمىنى يۆتكەپ خاتىرە قىز قويدى . قىزنىي كۇندۇزى زەينەپخاننىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇپ يەنە ئىش ـ ئوقىتىگە كىرىشتى ، كۇندۇزى ئىش بىلەن ، كېچىسى بالا بىلەن بولۇپ دەردى بىرئاز يېنىكلەپ قالدى ، تازا بىر ئاي بولغان كۇنلەردە زەينەپخان يۇسۇپخاننىڭ ئالدىدا يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ سۆز باشلىدى .

— ھاجىم « قازاغا رىزا » دېگەن گەپ بار . رەھمەتلىكنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئويلىساق بۇ دۇنيادىكىلەر ياش تۆكۈپ يىغلاۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ . ئۇنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ پەرزەنتىنى ئاسراش كېرەك بولىدۇ . سىلەر دۇكان بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدا ئىسسىقسىز قېلىپ قىينىلىپ يۇرسىلە نارەسىدە گۆدەك ئانىسىز قىينىلىپ يۇرسىلە رەھمەتلىك ئۇ دۇنيادا خاتىرجەم ياتالامدۇ ، شۇڭا باشلىرىنى ئوڭشاپ قويساق بولارمىكىن .

ھاجىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتتى :

— ئاچا ، مەن رەھمەتلىكنىڭ خاتىرىسىنى بۇزمايمەن ، دۇنيادىن مۇشۇ پېتىم ئۆتۈپ كېتىمەن .

ئۈچ كۈن ئۆتكۈزۈپ زەينەپخان يەنە كىرگەندە ئاغرىپ قالغان بوۋاقىنىڭ بېشىدا غەم قىلىپ ئولتۇرغان ھاجىمنى كۆرگەن زەينەپخان ئالدىراپ قالدى ۋە بۇ چاقچاقتىن بىرەر پېشكەللىكنىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرىدى . بىراق ، ھېلىقى شوخ چوكان رومىلىنىڭ ئۇچىنى چىشلىگىنىچە كىرىپ ھاجىمنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى ،

هەم زەينەپخانغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ، قىياقتەك قاشلىرىنى ئۈ-
چۈرگىنىچە سۆز باشلىدى .

— بىچارە بالا ، ئۆلگەنلەرغۇ ئۆلدى كەتتى ، بار بولغۇلۇق مۇشۇ بىچارە بالىغا بولدى ، — دەپ قويدى .

يۈسۈپخان ئۈندىمىدى . ئىككى خوتۇن بىر - بىرىگە قاراشتى . پەيتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى بايقاپ هاجىمنىڭ بې-
شىنى ئوڭلىۋېلىشى ئۈچۈن نەسىهەت ، مەسلىهەتلەرنى ياغدۇ-
رۇشتى ، هاجىممۇ ئەيۋەشكە كەلدى ، ئۇلار ئۇياقتىن - بۇياقتىن سۆزلىشىپ بىر نەچچە لايىقلارنى كۆرسىتىپ ئاخىرى ئاشۇ شوخ چوكانغا مەسلىهەت پىشتى .

توي ئاددىيلا ئۆتتى . ئىمام ، مەزىن ۋە ئىككى ئۈچ كىشى-
گىلا داستىخان سېلىنىپ نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن مېهمانلار تار-
قاشتى . مەھەللىدىكى شوخ چوكانلار ۋە زەينەپخان بالىنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ ، تويى بولغان خېنىمغا بىر مۇنچە ئىشلارنى كۈسۈرلاپ تاپىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى .

يۈسۈپخان ئىشىكنى ئېتىپ ئۆيگە كىردى ، باياتىن يىغلاپ تۇرغان بالا خېنىمنىڭ قولىدا تىنجىپ ئۇخلاپ قالغانىدى . بۇ ئەهۋال يۈسۈپخان هاجىمنى سۆيۈندۈردى ، خوتۇنىدىن ئايرىلغان بىر يىلدىن بېرى خوتۇن زاتىغا يېقىن كېلىپ باقمىغان يۈسۈپخان دەسلەپ سەل تارتىنىدى كېيىن سەل دىدىللەشتى . پەلتونى سې-
لىپ ئۆتۈكىنى سالماقچى بولۇۋېدى ، تۆردىكى خېنىم دەرهاللا كېلىپ ئۆتۈكىنى تارتماقچى بولدى . يۈسۈپخان كاپپىدە خېنىم-
نىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى ، خېنىمنىڭ يۇمشاق قوللىرى نېمىش-
قىدۇر تىترەپ كەتتى ، يۈسۈپخاننىڭمۇ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى . خېنىمدىن يۈزىنى ئېچىپ جامالىنى كۆرسىتىشنى ئۆ-
تۈندى . چوكان ئۈنىماي ياغلىقىغا تېخىمۇ مەهكەم ئورانىدى ،

يـۇسۇپخان ئۇ يېڭىياچە بولغاچقا تارتىنىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ چىراغنى ئۆچۈردى ، خېنىمنىڭ رومىلىنى ئېچىپ يۈزلىرىگە سۆيدى ، دەل شۇ چاغدا بوۋاق خۇددى بىراۋ چىمدىغاندەك ئويـ غىنىپ كەتتى ـ دە ، قىقىراپ يىغلاپ كەتتى . بىر ئايدىن بېرى كېچىلىرى بوۋاقنى پەپىلەپ تۈزۈك ئۇخلىماي چارچىغاشقىمۇ ياكى يېڭىياچە مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى بۇزغاشقىمۇ يۇسۇپخاننىڭ غۇژـ ژىدە ئاچچىقى تۇتتى .

— يىغلاۋېرەمدىغاندۇ بۇ شۇم .

چوكان دەررۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى — دە ، چىراغنى يېقىۋەتتى ، يۇسۇپخان چىراغنىڭ يورۇقىدا خېنىمغا بىرلا قاراپ ئوڭدىسىغا ئۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا غەزەپتىن تىترىگەن بوۋى مەريەم تۇراتتى ، ئۇ كاماندەك قاشلىرىنى تەئەددە بىلەن قىمىرلىتىپ قويۇپ مۇنداق دېدى :

— قويسىلا ھاجىم ، بوۋى مەريەم خېنىمدىن ئايرىلىپ يەنە ئۆلۈپ قالمىسىلا .

يۇسۇپخان بۇ تەندىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى .

1980 ـ يىلى

## ئانامنىڭ چىشى

ئانام ئاقچىنا ، ئوتتۇرا بويلۇق ، قارا كۆزلۈك ، قاشلىرى شالاڭراق ، مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى ، ئۇنىڭ قاراچاچلىرى تە- بىئىي بۇدرە بولۇپ يىلىم بىلەن تاراپ ھەرقانچە پاتلىۋەتسىمۇ يە- لىمى قۇرىغاندىن كېيىن يەنە بۇدرۇلىنىپ كېتەتتى . بىز ئانامنىڭ ئۇزۇن خۇددى رىۋايەتتىكى مەختۇمسۇلانىڭ چېچىدەك چاچلى- رىنى تۇتاملاپ ئويناشقا ئامراق ئىدۇق .

ئانام 45 ياشلاردىن ئاشقان بولسىمۇ يۈزلىرىگە پەقەتلا قو- رۇق چۈشمىگەن ، چاچلىرىغىمۇ ئاق كىرمىگەن . پەقەت ئۇنىڭ ئىككى تال ئۈتتۈر چىشىنىڭ يوقلۇقى كۆرگەن كىشىنى ئەجەب- لەندۈرەتتى . ئانام ئۆمرىدە سەككىز بالا تۇغقان بولۇپ 2 ئوغۇل بالا كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن . مەن بىر كۈنى ئانامدىن ئۈت- تۈر چىشىنىڭ نېمە بولغىنىنى سورىدىم . ئۇ « مەن نان چايناۋات- سام ئۇكاڭ قۇچىقىمدا چۈراپ كېتىپ ئۇسۇۋەتكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، يەل تارتىپ تولا ئاغرىپ چۈشۈپ كەتكەن » دېدى . دادام ئانامىنىڭ ياشلا تۇرۇپ كوماك بولۇپ قالغىنىغا كۈلەتتى ۋە « ئەمدى قېرىپسەن خوتۇن » دەپ ئانامنى تېرىكتۈرەتتى . ماڭا ئانام ئۆزىنىڭ سەبى كۈلكىسى بىلەن بەئەينى ئۈتتۈر چىشى يوق گۆدەك بالىدەك كۆرۈنەتتى .

ئانام ناھايىتى سەمىمىي ساددا بەك بالىجانلىق ئايال ئى- دى ، بالا ئۆچۈن ئەگەر جان بېرىش كېرەك بولسا ئىككىلەنمەي جان بېرەتتىمكىن دەيمەن . نېمىشقا دېسەڭلار بىر نەچچە قېتىم

ئۇ ئاكامغا قان بېرىش توغرا كەلگەندە دادام كەلگۈچە قان بەر-
گەن ۋە « داداڭنى ئايمىساق بولمايدۇ ، ئۇ ئىشلەپ بىزنى باقىدۇ ،
مەن بولسام بىكار نان يەيدىغان ئادەم » دەيتتى . دادام بولسا
« هەي ، سەن ئۆزۈڭنى ئايماي نېمە قىلاي دەيسەن . ئالتە بالىنى
سەن باقمىساڭ مەن قانداق قىلىمەن » دەيتتى ، مېنىڭچە دادامنىڭ
گېپى راست ئىدى . چۈنكى ، ئانام كېچە ـ كېچىلەردە ئۇخلىماي
يىغلىسا چاپاننى يېپىنچاقلىۋېلىپ ئۇكامنى هويلىلاردا كۆتۈرۈپ
چىقاتتى . ئۇ دادامنىڭ بىزنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىمىزدىن ئەنسى-
رەيتتى . ئاھ ئانام ، ئاجايىپ بىر ئۇلۇغ ئىنسان ئىدى !

بىر كۈنى دادام ئانامنى زەرگەرگە باشلاپ ئاپىرىپ ئىككى
تال ئالتۇن چىش سالدۇرۇپ قويدى . ئانام بۇ چىشلىرى بىلەن
خۇددى نەچچە ياش ياشارغاندەك بولۇپ كەتتى . هەممىمىز خۇ-
شال بولۇپ كەتتۇق . ئانامنىڭ بۇ چىشلىرىنى ئېلىپ سالغىلى
بولاتتى . ئانام ئۇنى ئاياپ مېهماندارچىلىققا بارغاندا سېلىۋالاتتى .
باشقا چاغلاردا بولسا مەخمەل قۇتىغا سېلىپ ساندۇققا سېلىپ قو-
ياتتى . بۇ چاغلاردا مەن ئون ئىككى ياشلاردىكى قىز ئىدىم . مەن
تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ تېخنىكومغا ئىمتىهان بېرىپ ئۆتتۈم ۋە ئو-
قۇشقا ماڭدىم . تۆت يىلدىن كېيىن ئوقۇشۇم پۈتۈپ قايتىپ
كەلسەم ئانام خېلىلا قېرىپ قاپتۇ . بۇ چاغدا ، يەنە ئىككى ئۇكام
تۇغۇلۇپتۇ ، مېنى ئوقۇتىمەن ، پۇل ئەۋەتىمەن دەپ ئانام ئالتۇن
جىيەك قاداق ، ئالتۇن زىرىلىرىنىمۇ سېتىۋېتىپتۇ . قارىسام ئائىلە-
مىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا خېلى قىيىنچىلىقلار پەيدا بولۇپتۇ .
مەن ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم بىلەن ئائىلىمىزگە قارىشىمەنغۇ دەپ
ئويلىدىم . نەدىكىنى ماڭاشىم ئاران قىرىق ئۈچ يۈەن سەكسەن
پۇڭ بولۇپ ئايلىق تاماق بېلىتىگە ئون بەش يۈەن كەتكەندىن
باشقا قولۇمغا ئاران يىگىرمە نەچچە يۈەن ئاشاتتى . مەن ناھىيىدە

ئىشلەيدىغان بولغاچقا يول كىراسى ۋە قىز بالىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششىكى بىلەن ئائىلىمىزگە تۇزۇك قارىشالمايتتىم.

ھەي، ئانا دېگەننىڭ قەلبى بەك كەڭ، باغرى يۇمشاق بولىدىكەن. مەن ئائىلىمىزگە قارىشالمىدىم دەپ غەم يېسەم ئانام «قىزىم بويۇڭغا يېتىپ قالدىڭ. قۇلىقىڭدا بىر تال ئالتۇن ھالقىمۇ يوق» دەپ ئۆكۈنەتتى. مەن خىزمەتكە چىقىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندە ئانام بىر جۈپ ھالقىنى ئېلىپ، قۇلىقىمغا سېلىپ قويدى، مەن چىرايلىق نەرسىلەرگە ئامراق ئىدىم. ھالقىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئانام يۇمشاق، سەبىي كۈلكىسى بىلەن تۇرۇپ «بەك ياراشتى بالام، ئالتۇن دېگەن ئايال كىشىنىڭ قىرىق تۇرلۇك ئەيىبىنى ياپىدۇ دېيىشىدۇ، يوقىتىپ قويماي سېلىپ يۈر» دەپ پېشانەمدىن سۆيۈپ قويدى، مەن نادان، ئانامدىن بۇنى قانداق ياساتتىڭ دەپ سورىماپتىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئانام مېھماندارچىلىقلارغا بارسا ئالتۇن چىشىنى سالمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئەجەبلىنىپ «ئانا، ئالتۇن چىشىڭ قېنى» دەپ سورىسام، ئانام «بار، بار، سېلىۋالسام تاماق يېيەلمەيدىكەنمەن» دەپ يۈردى، بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دادامنىڭ ئانامغا «ھەي خوتۇن، سەدەپ چىش بولسىمۇ سالدۇرۇۋال، بىر كوماك ئىككى كوماك بولۇپ كەتمە يەنە» دېگىنىنى، ئانامنىڭ «كېيىنچىرەك بىر ئىش قىلارمەن، ھازىر مائاشلىرى كۆندىلىك خىراجەتكە ئاران يېتىۋاتسا» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ھەي ياشلىق، بەڭۋاشلىق، ئانام مېنى دەپ ئالتۇن چىشىدىن ئايرىلسا ئانامغا چىش سالدۇرۇپ قويۇشمۇ ئېسىمگە كەلمەپتۇ. كېيىن ئانامنىڭ ياندىكى بىر چىشى يەل تارتىپ ئاغرىغاچقا تارتقۇزۇۋەتتى. شۇ چاغدا، مەن ئەمدى چىش سالدۇرمىسا

بۇ شورىنىڭ كېڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىدىم لېكىن ، توي قىلىمەن ، ئۆي تۇتىمەن دەپ ئانامنىڭ چىشلىرىنى سالدۇرۇپ قو- يالمىدىم . ئەمدى قولىمىز كەڭرىپ ، ئالتۇنلار بازاردا كەڭرى سې- تىلىدىغان بولغاندا ئانام يوق . ئانام ، مېنىڭ ئانام ، مېنىڭ مېھرى- بان ، كۆيۈمچان ئانام ئۇ دۇنياغا كەتتى . كېيىنچە چىش سال- دۇرارمەن دېگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى . بۇ ئىشلارنى ھەر ئەسلىسەم يۈرىكىم ئوتتا پۇچىلانغاندەك ئېچىشىدۇ .

1981 ـ يىلى

# قىزنىڭ كۆز يېشى

بېشىغا تور رومال ئارتقان يۈزىنى يۆگىگەن تەقى - تۇرقىدىن يېشىغا باھا بەرگىلى بولمايدىغان بىر ئايال دوختۇرخانىنىڭ ئاياللار بۆلۈمىدە نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇراتتى ، پات - پات غىجىملاۋاتقان قول ياغلىقىدىن ۋە زۇكامداپ قالغاندەك پۈتۈپ قالغان بۇرۇنلىرىنى سۈرتۈشلىرىدىن بۇ ئايالنىڭ جىلە بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە يىغلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى .

ئاياللار بۆلۈمىدە كېسەل كۆپ ئىدى . دوختۇرلاردىن بىر ئايال ۋە بىر ياش يىگىت كېسەل كۆرەتتى . بۇ چەت يېزىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئاياللار بۆلۈمىدە ئەر دوختۇرنىڭ بولۇشىنى ، ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسىتىشنى ئەقلىغا سىغدۇرالمايتتى . يەنىلا تەكشۈرۈش ئىشىنى ئايال دوختۇر قىلاتتى .

نۆۋەت ھېلىقى تور رومال ئارتقان ئايالغا كەلدى .

— نېمە بولدىڭىز ؟ دەپ سورىدى دوختۇر .

ئايال تور رومىلىنى قىيا ئاچتى ، ئۇ تېخى ئوتتۇز بەش ، قىرىق ياشلاردىكى ئايال ئىدى . كۆپ يىغلىغانلىقتىن قاپاقلىرى ئىششىغانىدى . ئۇ كېسەلنىڭ ئۆزى ئەمەس قىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى - دە ، بوسۇغىدا قىسىلىپ تۇرغان ، يىغلاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان جۇدەڭگۈ قىزىنى چاقىردى .

قىز ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردا كۆرۈنەتتى . بىر نېمىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكى ، ئازاب چېكىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ياش يۇقى مەسۇم كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى . دوختۇر

ئۇنىڭدىن بايىقى ئانىسىدىن سورىغان سوئالنى سورىدى . ئۇنىڭ سوئالىغا يەنە ئانىسى جاۋاب بەردى .

— ھېلىقىدەك ئىش بوپتۇ دوختۇر خانىم .

دوختۇر بۇ يەردىكىلەرنىڭ قىز - ئاياللاردا بولىدىغان فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىلەرنى شۇنداق دەپ ئاتايدىغىنىنى بىلەتتى . ئۇ دوختۇر بولغاچقا بۇ گەپتىن ئەجەبلەنمىدى ، لېكىن ئانا - بالىنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلدى .

— قاچان باشلاندى ، نەچچە كۈن بولدى ؟

قىز جاۋاب بەرمەي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى ، ئانىسى بولسا ئازابلىنىپ يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى .

— بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى خانىم .

دوختۇر سوئالدىن كېيىن قىزنىڭ بۇيىل ئون ئۈچ ياشقا كىرگىنىنى بىلدى ، يەنە ئانىسىدىن سوئال سورىدى .

— سىز قانچە يېشىڭىزدا ئادەت كۆرگەن ؟

بۇ سوئال ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ بىر جەريانىنى ئاچتى — دە ، بۇ ياش ئانىغا قارىغان دوختۇرنىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى .

خۇماخان شوخ ، ئويۇنچى قىز ئىدى . ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىككى مودەك قوغۇنلۇقىدىكى ساتمىدا ئولتۇرۇۋېرىشتىن زېرىكتى . قوغۇنغا قارىمىسا يەنە بولمايتتى . جاھىل دادىسىنىڭ ئاچچىقى يامان ئىدى . خۇماخان قوغۇنلۇقنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى ، قوغۇنلۇقىدىن يۈز قەدەمچە نېرىدىكى بىر تۈپ باراقسان ئۆرۈككە ياماشتى ، بۇ سەكسەن يىللىق ئۆرۈك بولۇپ شاخ - پۇتاقلىرى ناھايىتى قويۇق ، غوللىرى يوغان ئىدى ، بۇ يەردىن قوغۇنلۇق ئالىقاندەك ئاشكارا كۆرۈنەتتى . ئۇ تۆت يەردە

ئاچىمنقى بار بىر يەرنى تاپتى . ئوتتۇرىدىكى ئاچىماقنىڭ ئۈستىگە قوغۇنلۇقتا ئىشلىتىدىغان دۆشە تاختىنى بېكىتىپ قالغان ئۈچ ئا-چىماققا كونا كىگىزلەرنى سېلىپ ئاداشلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ئوي-نايدىغان جاي تەييارلىدى . چۈشتە ئاداشلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى . سۈنىڭ بويىدا ئوسما سىقىشىپ ئېرىقتىكى توختام سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئوسما قويۇشتى . ئاندىن كېيىن دەرەخنىڭ ھې-لىقى ئاچىمىقىغا چىقىشىپ پۈتۈن يېزىنى كۆرۈپ ۋارقىراشتى ، كۈلۈشتى ، تەشتەمەك ئويناشتى ، قوغۇن يېيىشتى .

كەچ كىردى ، خۇماخاننىڭ دوستلىرى ئويۇننى يىغىش-تۇردى . ئۇلار ئۆرۈكتىن سىيرىلىپ چۈشۈشتى . خۇماخاننى چۈشۈرۈۋېلىش ئۈچۈن يۇقىرىغا قاراپ تۇرۇشتى ، بەللىرى تۇ-رۇلگەن خۇماخان يۇقىرىدىن ئۆرۈكنىڭ غولىغا يامىشىپ چۈ-شۈۋاتاتتى ، خۇماخاننىڭ سېرىق دۇردۇندىن تىكىلگەن تامبىلىغا كۆزى چۈشكەن قىزلاردىن بىرى ئاغزىنى تۇتقىنىچە ۋارقىراپ كەتتى :

— ۋاييەي ، خۇما ، نېمە ئىش بۇ ؟

قورقۇنچتىن خۇماخاننىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سېلىپ كەتتى . چىرايىدا قان قالمىدى ، ئۆرۈكتىن چۈشۈپ ، بولغان ئىشنى كۆرۈپ ئۇمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى ، خۇماخان يىغلاپ كەتتى . دوستلىرى قانچە زورلىسىمۇ مەھەللىگە تاماققا بارمىدى ، كەچتە ئانىسى ئەپكەلگەن تاماقنىمۇ يېمىدى . بىر نەچچە كۈن يىغلاپ قاقشىدى ، جۇدەپ كەتتى . « مەن تېخى قىز بالا تۇرسام بۇ نېمە ئىشتۇ » دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەسرەتلىنىپ . ئانام بىلسە نېمە دەر . قولۇم ـ قوشنىلار ئاڭلىسا قانداق قىلارمەن ، خۇدايىم ئاھانەتكە قالغۇچە جېنىمنى ئالساڭچۇ ؟

خۇماخان بۇ يىل ئون ئۈچ ياش بولسىمۇ بۇنداق ئىشنىڭ

قىزلار ئۈچۈن چوڭ ئاھانەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . چۈنكى ، بۇ
يېزىدىكى ئاياللار ئەلمىساقتىن قىز بالا دېگەن تۇرمۇشقا چىقمى-
غۇچە ئاي كۆرمەيدۇ دەپ قارايتتى ، دېمىسىمۇ ئۇلارنى ئون
ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشتىلا تالالىق قىلىۋېتىدىغان بولغاچقا بۇنداق
ئىشلارنى تالالىق بولغاندىن كېيىن بىلەتتى . ھازىر ئون ئىككى ـ
ئون ئۈچ ياشلىق قىزلارنى تالالىق قىلىشقا مۇمكىن بولمايتتى .
شۇڭا ، مەھەللىدە خۇماخان بىلەن دېمەتلىك ئۇنىڭدىن بىرەر
ياش چوڭ قىزلاردىن بىر ئىككىسى مۇشۇنداق ئىشقا ئۇچرىدى .
قىز بالا ئۈچۈن ئۆزىنى ساقلىيالماپتۇ دېگەندىن ئارتۇق ئاھانەت
بولامدۇ ، ئۇنىڭدىن ئۆلگىنى ياخشى ، ھېلىقى قىزلاردىن بىرى يې-
زىدىكى تاراپ كەتكەن سەت گەپلەر دەستىدىن ئۆزىنى كۆلگە
تاشلاپ ئۆلۈۋالدى ، يەنە بىرى باشقا ياققا قېچىپ كەتتى ، شۇ
كەتكەنچە خەۋىرى بولمىدى . كېيىن ئاڭلىسا بىر تۇغقىنى شە-
ھەردە ئاتمىش ياشلىق بىر قېرىغا ياتلىق قىپتىمىش . ئەمدى نۆ-
ۋەت خۇماخانغا كەپتۇ ـ دە ، ئۇ قايسى يولغا مېڭىش كېرەك ،
كۆلگە سەكرىسۇنمىكىن بىراق كۆلگە سەكرەش ئۇنچە ئاسان ئىش
ئەمەس ئىكەن ، كۆلنىڭ بويىدا خۇماخاننىڭ تەنلىرى شۈركى-
نىپ ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى ، خۇماخان پاقىدىن قورقاتتى ،
پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرىنى ئاڭلاپ كۆل بويىدىن بەدەر قاچتى ،
خۇدايىم ساقلىسۇن .

مەھەللىدە « خۇماخان يۈزىنى تۆكۈۋاپتۇ » دېگەن گەپ
پەيدا بولۇپ شامالدىنمۇ تېز ئۇچتى ، ھەربىر باغدا ھويلىدا ، قو-
غۇنلۇقتا ، خاماندا گەپلەرگە ـ گەپلەر قوشۇلۇپ چوڭ بىر ھېكا-
يىگە ئايلاندى « خۇماخان قوغۇنلۇق كەپىسىدە ئوسال ئىش قى-
لىپتۇ . شۇڭا ، ھازىر رەڭگىرويى ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ »
دېيىشەتتى خوتۇنلار . دېمىسىمۇ يىغلاۋېرىپ خۇماخاننىڭ رەڭگى

زەپىراندەك سارغايغان، جۇدىگەندى. بۇ گەپ ـ سۆزلەردىن ئا-
نىسىمۇ خەۋەر تاپتى. خۇمانى قوغۇنلۇق ساتمىسىدا يېتىپ بىر
كېچە سوراققا تارتتى، ئۇردى، تىللىدى، چىمدىدى، خۇماخان
نېمە دېيەلەيتتى، يىغلاپ تىترەپ تۇرۇشنىلا بىلەتتى.
ئانىسى راستىڭنى دە، دەپ ئۇرۇپ باقتى تىللىدى، ھەتتا
ئانىسىغا يالۋۇرغاندەك يالۋۇرۇپ كەتتى، لېكىن خۇما شاتۇتىدەك
بىر گەپنىلا تەكرارلايتتى.
ـــ بىلمەيمەن.
دېمىسىمۇ ئۇ نېمىنى بىلەتتى، ئۇ تېخى ئاران يېزا باشلان-
غۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتسا، ئانىسى بىلمىگەن ئىشنى ئۇ بىلەمتى.
قىزلاردا بولىدىغان بۇنداق فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشنى بىلگەن
ھالەتتىمۇ مۇنداق ياقا ـ يۇرتتا غەپلەتتە قالغان كىشىلەرگە بۇنى
چۈشەندۈرەلەمتى. خۇماخان يېزىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ دەس-
تىدىن ۋە دادىسىنىڭ ئاڭلاپلا قالسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن
قورقۇپ ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى، يەنى نەچچە مىڭ يىل-
دىن بېرى ئۆزىدەك بىتەلەي قىزلار مېڭىپ كەلگەن يول بىلەن
مېڭىپ يىراق يېزىدىكى بىر قېرى بويتاققا ياتلىق بولدى، بۇ ئادەم
ئەللىك ياشلارغا بېرىپ قالغان، ساقاللىرى ئاق ئارىلىغان بولۇپ
يېزىدا قاسساپلىق قىلاتتى، تولا خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويغان بۇ
قاقۋاش ھېچ ئىش كۆرمىگەن خۇماخاننى قانداق قىلىپ ئۆز
ھۆكمىدە تۇتۇشنى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ، خۇماخان مۇشۇ
ئادەمدىن بەش باللىق بولدى، خالىدەم بولسا ئۇلارنىڭ تۇنجى
قىزى ئىدى، خۇماخان يىغلايتتى، ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈل-
پەتلىك تەقدىر خالىدەمنىڭمۇ بېشىغا كېلەرمۇ؟ خۇدايىم نېمىشقا
بىزنى قىز قىلىپ ياراتتىكىن. ئاشۇ كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن
ئوتتۇز يىللىق ئۆمرى زالىم، باغرى تاش ئەر بىلەن دوزاختا ئۆت-

تىنغۇ . باللىقىدىكى ئىش تا مۇشۇ كۈنگىچە قېرى قاسساپنىڭ ئۆنى خورلاش ، بويسۇندۇرۇشتىكى بىردىنبىر قورالى بولۇپ كەل-دىنغۇ ، ئەمدى مۇنداق كۆلپەت دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ نۆۋىتى ئۇنىڭ قىزىغا كەپتۇ ـ دە ،

خۇماخان قىزىنىڭ يىغىسىغا چىداپ تۇرالمايتتى . ئۇنىڭ ئۆزىدەكلا پاكلىقا ، بىگۇناھلىقىغا ئىشىنەتتى . لېكىن ، سەۋەبىنى بۇرۇنمۇ چۈشىنەلمىگەندەك ھازىرمۇ چۈشىنەلمەيتتى . شۇڭا ، تولا يىغلاپ ياشلىرىمۇ قۇرۇپ قالاي دېگەنىدى .

دوختۇر بۇ بىچارە ئانىنىڭ قان ـ ياش بىلەن تولغان تا-رىخىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېچىشتى . ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ قىزلاردا بولىدىغان نورمال ھادىسە ئىكەنلىكىنى قىزلارنىڭ ئادەتتە ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلاردا ئادەت كۆرىدىغانلىقىنى ، شىمال-نىڭ سوغۇق جايلىرىدا بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆزۈنراقتا كۆرىدىغانلى-قىنى ئېيتتى ، ئەمدى جەنۇبىنىڭ بۇ ئىسسىق جايلىرىدا قىزلارنىڭ ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلىرىدىلا بۇ ئىشنى بېشىدىن كەچۈ-رىدىغانلىقىنى بىچارە ئانا ـ بالىغا چۈشەندۈردى .

ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى ، كېيىن يىغلاپ كېتىشتى . ياش قىزچاق خالىدەم يۈزىنى تۇتۇۋې-لىپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى . بىچارە خۇماخان بولسا نىجاتچىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىۋەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىنىڭ دەردىدە تارتقان ئوتتۇز يىللىق ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە يىغلاۋاتامدۇ ياكى ھا-زىر قىزىنىڭ بېشىغا مەڭگۈ كەلمەيدىغان كۈنلەر ئۈچۈن خۇشال-لىقىدا يىغلاۋاتامدۇ بۇنى بىلىپ بولمايتتى

1985 ـ يىلى

## كىلەر يەكشەنبە

ھەلىمە ھەدە ئىشتىن چۈشتى . ئاپتوبۇس بىكىتىگە كەلـ
گىچە ئۈچ ـ تۆت يەردە مۆدۈرۈلۈپ كەتتى . نىمىشقىدۇر بۈگۈن
پۇت ـ قولىلىرى ئىغىر ، غولىغا بىر تۈگمەن تىشى ئارتىپ قويغانـ
دەك ، بـىشى گاراڭ بولۇپ قاپتۇ ، ئۇ ھەپتىدىن بىرى كەچلىك
ئىسمىنىدا ئىشلىدى ـــ دە ، راسا بىر ئۇخلاپ ئالسا روھلىنىپ
قـالارمىدىكىن ، ئۇ ئۆز ئۆيىنى ، ئاپئاق يۇمشاق ئورنىنى ، قوشكىـ
زەك ئوغۇللىرى ۋە قوشكىزەك قىزلىرىنى ئەسلەپ كۈلۈمسىرىدى ،
ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ يۈزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى . ھەپتىدىن بىرى
ئۇ باللىرىنىڭ چىرايىنى تۈزۈكرەك كۆرگىنى يوق . ئۇ ئۆيگە
كەلگەندە باللار ئاستا شەپە چىقارماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ
مەكتىپكە كىتىشىدۇ ، ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان ئانىسىنى
ئويـغىتىشتىن ئىھتىيات قىلىشىدۇ . باللارنىڭ مەكتىپى ئۇزاق بولـ
غاچقا چۈشتە ئۆيگە قايتمايدۇ . كەچتە ئۇلار مەكتىپىدىن قايتقاندا
ئانىسى زاۋۇتقا كەتكەن بولىدۇ ، ئۇلار ئانىسى تەييارلاپ قويغان
تاماقلىرىنى يىيىشىپ قازان ـ قومۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن
كىيىن بىردەم ئويناپ كىرىشىدۇ ـ دە ، ئاندىن دەرس تەكرارلاشقا
ئولـتۇرىدۇ ، ئانىسى بولمىسىمۇ ئۇرۇشماي ـ تالاشماي ئۆتىشىدۇ ،
كەچتە ئورۇنلىرىنى سىلىشىپ ئانىسىنىڭمۇ ئورنىنى سىلىپ قويۇپ
ئۇخلاپ قىلىشىدۇ . ئۇلار مانا شۇنداق ئۆتۈشىدۇ ، ئۇ كۈندۈزى
ئىسمىنىدا بولغاندا بىر ئاز ياخشىراق ، كەچتە بولسىمۇ بىر ـ بىرـ

ىنىڭ دىدارىنى كۆرەلەيدۇ .
بالىلار مۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قېلىشتى . كۆنمەي نېمە ئىلاج . دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن ، ئانىسى ئۇلارنى باقىمەن دەپ شۇنچە يىراق يەردىكى زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەپ يۈرىدىغىنىنى ئۇلارمۇ بىلىشىدۇ .
ھەلىمە ھەدە ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ كوچىدا ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى بايقىدى ، ھە ، بۈگۈن يەكشەنبە ئە-كەن ـ دە ، ئۇ بۈگۈنكى كۈننى قانداق ئۆرۈنلاشتۇرۇشنى پىلان-لىدى ، خۇدايىم بۇيرۇسا ئاۋۋال كىچىككىنە ئارام ئېلىۋېلىپ بال-لىرىنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ ، دەزماللايدۇ ، ئاندىن ئۆز قولى بىلەن مەززىلىك قىلىپ كەنجى قوشكېزەكلىرىنىڭ ئامراق تامىقى چۆچۈرە ئېتىپ بېرىدۇ ، كېيىن ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ باغچىغا ئا-پىرىپ ئوينىتىدۇ ، قېيىققا چۈشۈرسۇنمىكىن ياكى راكېتادا ئۇ-چۇرسۇنمىكىن ، ئۆزى ئۇچمايدۇ ، چۈنكى بېشى قايىدۇ ، باللى-رىنى ئۇچۇرىدۇ . ئۇ باللىرىنىڭ راكېتادا ئۇچۇۋېتىپ قىقاس سې-لىشىپ كۈلگەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خۇشاللىقىدا ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى ، ھارغىنلىقلىرى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى .
ئاپتوبۇسنىڭ تېخىچە قۇرتتەك لۈمۈلدەپ ئاستا كېتىۋاتقى-نىغا ئىچى پۇشتى ، ئۇ يەنە خىيالغا چۆكتى ، قايسى بىر كۈنى با-لىلىرى تېلېۋىزور كۆرگەن بولۇشى كېرەك ، ئەتىگەندە كەنجىسى ھەدىسىدىن سوراپ قالدى :
— ھەدە كىنولاردا ئاپىلىرى باللىرىنى ئۆيغىتىپ چىيىنى تەييارلاپ مەكتەپكە ئەۋەتىدىكەن ، بىزنىڭ ئۆيدە بولسا سەن . . .
ھەدىسى ئۇنى ئەيىبلىگەن ئاھاڭدا ئاستا سۆزلىدى :
— ئاستا گەپ قىل ، ئاپامنى ئويغىتىپ قويىسەن ، ئۇ كې-چىچە ئۇخلىمىغان تۇرسا .

ھەلىمە ھەدە ئۇھ تارتتى . بىچارە باللار دادىسى كىچىكىدە ئۆلـۈپ كەتكەچكە يا دادا خوۋلۇقىنى ، يا ئانا خوۋلۇقىنى تۇزۇك. رەك كۆرمەي چوڭ بولدى ، دادىسى بالىجانلىق ، خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى ، ھەر يەكشەنبە كۈنى قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ بولسىمۇ تۆت كىشى بىر ۋېلسىپىتكە مىنگىشىپ شەھەر سىرتىغا ئوينىغىلى چىقاتتى ، باللارنىڭ بىرى ۋېلسىپىتنىڭ ئالدىدا ، بىرى ھـەلىمەنىڭ قۇچىقىدا ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان بولاتتى ، ئۇ چاغدا كەنجى قوشكېزەكلەر تېخى تۇغۇلمىغانىدى ، رەھمەتلىك بېلىق تۇتۇشقا ھېرىسمەن ئىدى . كەچ كىرىپ شەھەر سىرتىغا ئوينىغىلى چىققانلار ئاللىقاچان كېتىپ قالسىمۇ دەريانىڭ بويىدا ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى ، باللار ئويناپ ــ ئويناپ تويمايتتى . ئېھ ، ئەجەب چاغلار ئىدى ، ئۇ چاغلاردا يەكشەنبىلەردە ئانچە كـۆپ تـوي ــ تۆكۈن ، نەزىر ــ چىراق بولماتتىمىكىن ، يە ئۇلار. نىڭ تونۇش بىلىشى كۆپ ئەمەسمىدىكىن ، مۇنچىۋالا كۆپ باغاق كەلمەيتتى ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى توي ــ تۆكۈنلەر ، نەزىرلەرنىڭ باغىقى بەكمۇ كۆپىيىپ كەتتى . خەقلەر توي تۆ. كـۈننى جىق ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ كەتتىمۇ نېمە بولدى ، دەم ئې. لـىش كۈنلىرى كەم دېگەندە ئۈچ ــ تۆت باغاق ئۇنى ساقلاپ تۇ. رىدۇ ، ھەممىسىگە بارمىسا بولامدۇ ، ھەر بىر توي ياكى نەزىر بولغان ئۆيدە بىر سائەت ئولتۇردى دېگەندىمۇ بېرىش ــ كېلىشنى ھېسابلىمىغاندىمۇ بەش سائەت ۋاقتىڭ كېتىدۇ ، بەزى تويلاردا بىر سائەتتىن كۆپرەك ئولتۇرۇپ قالىدۇ ، ھەرقانچە ئالدىرىساڭمۇ بە. كـار . بىــر كۈنــلۈك دەم ئېلــىش ۋاقــتىڭ تويدىن ــ تويغا ، نە. زىردىن ــ نەزىرگە يۈگۈرەپ كەتتى دېگەن سۆز ، ھەپتىدىن بېرى سوققان پىلانلىرىڭ ھاۋاغا ئۇچىدۇ ، ھەپتىدىن بېرى سېنى كۆر. مەي يەكشەنبىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان باللىرىڭ

سېنى ساقلاپ ــ ساقلاپ زېرىكىپ ئۆزلىرى ئاندا ــ مۇندا بىر نېمە تەييارلاپ چاي ئىچىپ يا ئويىنغىلى چىقىپ كېتىدۇ ، يا تېلېۋىزور كۆرۈپ كۈننى كەچ قىلىشىدۇ ، ھەي ، خۇدايىم ، قانداق قىلغاندا يېتىشكىلى بولار بۇ ئىشلارغا .

ئۇ خىيال بىلەن بېكەتتىن ئۆتۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ ، قىستىلىشىپ چۈشۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن مىڭ تەسلىكتە چۈشۈۋالدى ، يەكشەنبە بولغاچقا ئاپتوبۇستا چۈشىدىغان ، چىقىدىغان ئادەم كۆپ ئىدى .

ئۇ ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەپ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە كىچىك قوشكېزەكلەر گالستۇك ، مايكا ، پايپاقلىرىنى ( بۇلار دادىسى ۋاپات بولۇپ يېرىم يىلدىن كېيىن تۇغۇلغانىدى . ) يۇيۇپ ئارغامچىلارغا يېيىشىۋاتقانىدى ، ئۇلار ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى ، ھەلىمە ھەدە ئۇلارنى قوشۇپلا قۇچاقلىدى ، شاكىچىكلەر چۇۋۇرلىشىپ كەتتى . گالستۇك پايپاقلىرىنى ھەتتا بېشىنى ئۆزى يۇغانلىرىنى بىردەمدە دەپ بولدى :

— ئاپا ، ئاپا ئەمدى بىز پاكىزە بولدۇق .

— چىرايلىق بالا بولدۇق .

— بىزنى باغچىغا ئاپارغىن ، يولۋاسنى كۆرىمىز ، راكېتادا ئۇچىمىز .

— ھە ساڭا ، ئۇنىڭغا جىق پۇل كېتىدۇ ، ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئوينايمىز .

بىچارە باللار ئاپىسىنىڭ پۇلى كۆپ ئەمەسلىكىنى بىلىشىدۇ ئارتۇقچە ھەۋەسلىرىمۇ يوق ، پەقەت ياز بولغاندىن بېرى بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلىشىپ ئۇنىڭغا يېتەلمەي كېلىشىۋاتىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ باغچىغا بېرىپ ئويناپ كېلىش .

ھەلىمە ھەدە بۇگۈن چوقۇم ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ـــ

ده ، ئاشخانىغا كىردى ، ئاشخانىدا چوڭ قوشكېزەكلەرنىڭ بىرى گـاڭپەن دۇملەۋاتاتتى . يەنە بىرى سەي توغراۋاتاتتى . بۇ ئەتـ-مەككە ئاسان تاماق بولغاچقا بۇ ئۆيدە كۆپ ئېتىلەتتى . بىر ـ بىـ-رىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بۇ قىزلار بۇ يىل ئون تۆت ياشتا . خەقنىڭ ئون تۆت ياشلىق بالىلىرى تېخى ھېچنېمىدىن غەمسىز ئويناپ يۈرۈشىدۇ ، بۇلارچۇ ، پۈتۈن ئۆينىڭ ئېغىر ـ يېـ-نىكىنى زىممىسىگە ئېلىشتىن تاشقىرى يەنە قوشكېزەك ئىككى ئو-غۇل ئۇكىسىنىڭ غەمخورلۇقىنى ھەم ئۈستىگە ئارتقان .

بـۇلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئىككى ئۇكىسى تۇغۇلغان . شۇنىڭدىن بېرى ، ئىككى قىز ئۇلارنىڭ ھەم ئانىسى ھەم ئاچىسى ئورنىدا ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىپ كەلمەكتە .

ئانـا بۇلارنىڭ يەكشەنبىدىمۇ ئارام ئالماي كىرقات يۇيۇپ ئارغامچىلارغا يېيىۋەتكىنىنى ، ئەمدى تاماققا تۇتۇش قىلغىنىنى كـۆرۈپ بىر تەرەپتىن مەسلىكى كەلدى . يەنە بىر تەرەپتىن يۈ-رىكى ئېچىشتى ، ئىچى ئاغرىغىنىدىن كۆزىگە ياش تولدى ، دادىسى رەھمەتلىك بولغان بولسا . . .

قـوشكېزەك قىزلارنىڭ چوڭى ئانىسىنىڭ خىياللىرىنى ئۈزدى .

ــ بولۇڭ ئاپا ، باش ـ كۆزىڭىزنى يۇيۇپ ، كىيىملىرىـ-ڭىزنى ئالماشتۇرۇڭ ، مەھەللىدىكى ئاياللار ساقلاپ تۇرىدۇ ، ئاپاڭ كـەلـگەندە دەرھال چىقسۇن ، ـــ دېگەن دېدى ئانىسىنى ئالدىرىـ-تىپ .

ـــ نـېـمـە گەپ قىزىم ، ـــ دېدى ھەلىمە ھەدە ئەنسىرەپ .

كـــىچىكى ھېچــنېمە دېمەســتىن ئانىسىغا بەش قىزىل باـ-غاق ( بۇلار تويىنىڭ باغاقلىرى ) بىر دانە ئاق باغاقنى ( بۇ ئەلـ-ۋەتتە بىر قوشنىسىنىڭ يىراق يۇرتتا ۋاپات بولغان ھامىسىنىڭ

نەزىر باغنقى ئىدى ) ئۇزاتتى .

ھەلىمە ھەدە باغاقلارنى قولىغا ئالا ـ ئالمايلا لەسسىدە جا-يىغا ئولتۇرۇپ قالدى ، يەكشەنبىلىك پۈتۈن پىلانلار بەربات بول-غانىدى .

يە بارماي قويسۇنمىكىن ، ياق ئۇنداق قىلغىلى بولامدۇ ؟ خەقلەر ئادەمنى ئادەم ئورنىدا كۆرۈپ چاقىرسا ، ئىككى مېتىر رەخت ئاپىرىشتىن قاچقاندەك سەت تۇرىدۇ ، بىر مۇنچە غەيۋەت-لەرگە تۇترۇق بولغۇچە بېرىش كېرەك ، بارسا بىچارە باللارنىڭ يازدىن بېرى ئېرىشەلمەي كەلگەن ئارزۇلىرى شامالغا ئۇچىدۇ ، ئىسسىت .

ئۇ بۇ قېتىن ـ قىستاڭچىلىقنىڭ ئالدىدا يەنە كېيىنكىسىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى ، ئۆز باللىرىنىڭ بولغاندىكىن يىغلا ـ يىغلا پەسلەپ قالىدۇ ، خەقلەرنى بولسا رەنجىتكىلى بولامدۇ ، ئۇ بىر قېتىم قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپ بارالماي قالغان بىر تويىنى ئەس-لىدى ، تويىنىڭ قائىدىسىنىغۇ ئۇنتۇپ قالمىدى ، سىېختىكىلەر پۇل يىغىشىپ تويغا نەرسە ئاپارماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان پۇلنى قىزىدىن چىقارتىپ بەردى ، ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغان كۈنى توي ئىگىسىدىن ھاردۇق سوراپ باردى ، راستتىنى ئېيتقاندا ئۆزرە سوراپ باردى ، توي ئىگىسى نېمە دېدى دېمەمسىلەر :

ــ مەنچۇ خەقلەرنىڭ بىر نەچچە كوي پۇلىغا قاراپ قالغان ئادەم ئەمەس ، سىلىنى ئادەم ئېتىپ چاقىرىشىمدىكى مەقسەت ئەل قاتارى بىردەم ئولتۇرۇپ كېتەمدىكىن دېگەن ، ئالدىغىنىڭ مانا دېگەندەك پۇل قوشۇپ قويۇپ ئۆزلىرى كەلمىگەنلىرى نېمىسى ھەلىمەخان .

ھەلىمە ھەدە شۇ چاغدا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەت-كۈدەك بولغانىدى . ياق بېرىش كېرەك .

نەزىرگە ماڭغان ئاياللارنىڭ ئۇنى چاقىرىۋالغىلى كىرىۋاتقىنىنى دېرىزىدىن كۆرگەن ھەلىمە ھەدە ئۇپۇل ـ توپۇل يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ ، كىيىم ئالماشتۇرۇشقىمۇ ، پىشىپ قالغان تاماقنى يېپىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىشىككە قاراپ ماڭدى ، كېتىۋېتىپ ھەر ھەپتىدە باللىرىغا دەپ كېلىۋاتقان ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرالمايۋاتقان گېپىنى تەكرارلىدى .

— باللىرىم خاپا بولماي تۇرۇڭلار ، كېلەر يەكشەنبە چوقۇم ئاپىرىمەن ، كېلەريەكشەنبە . . .

1985 ـ يىلى

# قەبرىدىكى لەيلى

ياز كۈنى سەھرادىكى ئۆيىمىزگە چىققۇچە ھەزرەت دىگەن يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . يول قەبرىستانلىقلاردىن ــ مە- ھەللىگە ، دەرەخلىكلەرگە تۇتىشاتتى . بۇ جايدىن يالغۇز ئۆتۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ئاتا ــ ئانام ئۇكىلىرىم بىلەن ئۆتۈۋېتىپمۇ شۈر- كۈنۈپ كېتەتتىم . قەبرىستانلىق ھەققىدىكى خىلمۇخىل قورقۇنچ- لۇق رىۋايەتلەرنى تولا ئاڭلىغاچقىمىكىن ئاشۇ يەردە ئۆيى بار خەقلەرنى « قورقماي قانداقمۇ ئولتۇرىدىغاندۇ » دەپ ھەيران بولاتتىم .

ئۇشتۇمتۇت ئانام قازا قىلدى . يىغلاپ ــ قاقشاپ ئانامنى ئۇزاتتۇق . بىزنىڭ يۇرتتا ھەر پەيشەنبە تاڭ سەھەردە ئەر ــ ئا- ياللار ، بالا ــ چاقىلار چىقىپ قەبرە يوقلايدىغان ئادەت بولغاچقا مەنمۇ ھەر پەيشەنبە سەھەردە ئانامنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىپ دۇئا قىلىدىغان ، قەبرە سۈپۈرىدىغان بولدۇم . ئەمدى بۇ قەبرىستان- لىقلار ماڭا قورقۇنچلۇق ، ۋەھىمىلىك تۇيۇلمايدىغان بولدى . دۈمچىيىپ تۇرغان ھەر بىر قەبرىنىڭ تېگىدە مەرھۇم ئانامدەك مېھرىبان ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكىنىنى چۈشەندىم ، قەبرىستانلىققا ماڭغاندا خۇددى ئانام مېنىڭ كېلىشىمنى ساقلاپ تۇرغاندەك ، مەن بارمىسام كەلمىدى دەپ كۆڭلى يېرىم بولىدى- غاندەك ، غېرىبسىنىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . قەبرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلايتتىم . ھەپتىدىن بېرى يۈرىكىمدە يىغى-

لىپ قالغان گەپ ـ سۆزلىرىمنى خۇددى ھايات چاغدىكىدەك تۆكەتتىم . ئانامنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىغا ، مېنىڭ خاپىلىق ـ خۇشلۇقلىرىمغا ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم .

ھەرپەيشەنبە قەبرە بېشىغا چىقسام قەبرىنىڭ ئەتراپى سۇ سېپىلىپ سۇپۇرۇلگەن بولاتتى ، مەن بىزنىڭ تۇغقانلاردىن بىرى قىلغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم . بىر كۈنى سەھەر پەيتىدە قەبرىستانغا كەلدىم . ئانامنىڭ بىز پەرزەنتلەرنى جاپا بىلەن چوڭ قىلىپ راھەت كۆرۈشكە نېسىپ بولماي ياپياشلا ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۆكۈنۈپ يۈرەك باغرىم ئېزىلدى ، ياشلىرىمنى ئېقىشىغا قويۇپ بەردىم ، يىغامنى ھېچقانداق قىلىپ توختىتالمىدىم . شۇ چاغدا يېنىمدا قانداقتۇر بىر كىشىنىڭ يېقىملىق ، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن بىر ئايەتنى قىرائەت قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى ، قارىسام ئاپئاق ساقال كەلگەن بىر كىشى ئانامنىڭ قەبرىسىگە قاراپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋېتىپتۇ ، دۇئا قىلىۋاتقاندا يىغا ـ زارە قىلىش ياخشى ئەمەس ، دېيىلىدىغان بولغاچقا يىغامنى توختىتىپ قىرائەتكە قۇلاق سالدىم . ئۇ ئادەم دۇئاغا قول كۆتۈردى ، مەنمۇ قول كۆتۈردۈم . شۇنىڭدىن باشلاپ قەبرە بېشىغا چىقسام شۇ كىشىنىڭ قىرائەت ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ مېنى سەۋرقىلىشقا ئۈندەيدىغان بولدى ، كۆڭلۈمدە موشۇ مېھرىبان كىشىگە بىر ياخشىلىق قىلغۇم ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئالدىراپ قايتۇرغۇم كېلەتتى . لېكىن ، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدا قەبرىستانلىققا قۇرۇق قول چىقىپ قالاتتىم .

بىر كۈنى قەبرىستانغا كەلسەم ئانامنىڭ تۇپراق بېشىغا كىچىككىنە گۈللۈك بەرپا قىلىنىپتۇ . ئىككى تۈپ لەيلى گۈل كۆچىتى قويۇلغان كىچىككىنە گۈللۈكنىڭ سۈيى تېخى قۇرۇپ ئۈلگۈرمىگەنىدى . ھەيرانلىقتا كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم . بۇنىمۇ مېھرىبان تۇغقانلىرىمدىن بىرى قىلىپتۇ . مەن بولسام شۇنى

قىلىشنى ئويلىغان بولسامۇ ئۆلگۈرەلمەيتمەن دەپ ئۆكۈندۈم ۋە
ئانامنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئەيىبلىك ھېس قىلدىم . مېنىڭ يىغامنى
يەنە بايىقى ئېغىر ـ بېسىق ، يېقىملىق قىرائەت ئاۋازى توختاتتى .
مەن بۇ كىشىنىڭ داۋاملىق بۇ يەردە يۈرگىنىگە قارىغاندا مۇشۇ
كىشىنىڭ بۇ ئەتراپتا بىر مېھرىبان كىشىسىنىڭ قەبرىسى بولسا
كېرەك ، شۇڭا ھەر پەيشەنبە كۈنى مۇشۇ يەرگە چىقىدىغان ئوخ-
شايدۇ دەپ ئويلىدىم .
قىرائەتتىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردۇق . مەن بۇ دەر-
ۋىش سۈپەت ئادەم نېمە ئۈچۈن ئانامنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلىدى-
غاندۇ دەپ ئەجەبلەندىم . مېنىڭ چىرايىمدىكى ھەيرانلىق ئۇنى
سۆزلەشكە مەجبۇر قىلغان بولسا كېرەك ، ئۇ سۆزلىدى .
— بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان مەزلۇم ھەر پەيشەنبىدە دادى-
سىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈپ گۈللەرگە سۇ قۇياتتى . بۇ ئادەتنى
ئۇ ئەللىك يىل داۋام قىلدى . ئەمدى بۇ مەزلۇم بۇ ئىشلارنى قىلال-
مايدىغان بولدى . بۇ ئىشلارنى مەن قىلىپ قويىدىغان بولدۇم .
مەن بوۋامنىڭ قەبرىسىگە قارىسام ئۇ يەردىكى لەيلى گۈل-
لەر جۇلالاپ تۇرۇپتۇ ، گۈللۈككە قۇيۇلغان سۇلارمۇ قۇرىماپتۇ ،
ئانامنىڭ قەبرە بېشىدىكى گۈللەرنىڭ ئاشۇ بوۋامنىڭ قەبرە بېشى-
دىكى گۈللەردىن يىلتىزى بىلەن يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىنى چۈ-
شەندىم . مەن بۇ مېھرىبان بوۋاينىڭ يېنىدا تۇرغان چۆگۈننى ئې-
لىپ ئۆز قولۇم بىلەن سۇ قۇيماقچى بولدۇم . بوۋاي نىيىتىمنى
چۈشەندى ـ دە ، چۆگۈننى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى ، چۆگۈن
قۇرۇق ئىدى ، مەن نېرىراقتا قارىيىپ تۇرغان دەرەخلىككە بېرىپ
چۆگۈنگە سۇ تولدۇردۇم . ئېگىز ـ پەس قەبرىلەر ئارىسىدا مۈ-
دۈرۈپ يۈرۈپ سۇنى ئېلىپ كەلدىم . سۇنى ئاۋۋال بوۋامنىڭكىگە
ئاندىن ئانامنىڭ قەبرىسىدىكى گۈللەرگە قۇيدۇم ، يەنە بىر نەچچە

چۈگۈن سۇ ئېلىپ كېلىپ باشقا قەبرىلەر بېشىدىكى گۈللەرگە قۇيدۇم . گۈللەر قۇياش نۇرىدا جۇلالاپ كەتتى . نۇرغۇن قەبرىلەرنىڭ بېشىغا گۈللەر ، ئۈژمە ، ئالما دەرەخلىرى قويۇلغان بولۇپ ياخشى پەرۋىش قىلىنغانلىقىدىن بۇ قاقاس قەبرىستانلىققا سىن كىرگۈزۈپ ياشناپ تۇراتتى . ئۇ كىشى چۈگۈننى ئېلىپ باشقا قەبرىلەرنىڭ قېشىغا كەتتى . مەن باشقا بىر قەبرىنىڭ قېشىدىن يانغان ياشانغان بىر ئايالدىن ئۇ كىشىنىڭ گۆركار ئىكەنلىكىنى بىلدىم . خەقلەردىن گۆركارلار ھەققىدە « كېپەن ئوغۇرلايدۇ » دېگەندەك قورقۇنچلۇق گەپلەرنى تولا ئاڭلىغاچقا گۆركارلارنى قانداقتۇ قورقۇنچلۇق ، ئادەم كۆرسە تېنى ئەيمەنگۈدەك كىشىلەرمىدۇ دەپ ئويلايتتىم ، ئالدىمدا تۇرغان بوۋاينىڭ گۆر گار ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە ھەيرانلىق قورقۇنچنى بېسىپ كەتتى . كۆز ئالدىمدا خىزىردەك بىر كىشى بىر قولىنى كۆندىن دالدا قىلىپ سۇپۇرۇشكە ، سۇ قۇيۇشقا تېگىشلىك قەبرىلەرگە نەزەر سېلىپ تۇراتتى . مەن داستىخان تەييارلاپ چىقمىغانلىقىمغا ئۆكۈندۈم ، يانچۇقۇمدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى ئېلىپ بوۋايغا ئۇزاتتىم ، بوۋاي پۇلنى ياندۇرۇپ سومكامنىڭ تاش يانچۇقىغا سېلىپ قويدى ـ دە ، خۇددى قىرائەت قىلىۋاتقاندەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سۆزلىدى :

— بىز بۇ ئىشلارنى خۇدا يولىدا ساۋاپ ئىزدەپ قىلىمىز قىزىم .

— بىزنىڭمۇ بارار جايىمىز مۇشۇ ئەمەسمۇ ،

مەنمۇ بۇ ھەقىقەتنى كۆڭلۈمدە ئېتىراپ قىلدىم .

ياندۇرقى يىلى بوۋاي ئۆلۈپ كېتىپتۇ . مەن ئۇنىڭ قەبرە بېشىغا دۇئا قىلىپ ياناي دەپ بارسام بىر نەچچە ناتونۇش كىشىلەر ئۇنىڭ قەبرە بېشىغا گۈللۈك بەرپا قىلىپ ئالما كۆچىتى ، لەيلى

گۈل كوچەتلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ گەپ ئۇرانىدىن قارى-
سام ئۇلارمۇ بوۋاينىڭ تۇغقانلىرى ئەمەس ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى
قايتۇراي دېگەن كىشىلەر ئىكەن .

مەن بوۋاينىڭ بالا - چاقىلىرى بولسا پەتە قىلغاچ ئاز -
تولا ئاتىغىنىمنى بېرەي دەپ سۈرۈشتۈرسەم بوۋاي يالغۇز جان
ئىكەن ، بالا - چاقىلىرى چارەك ئەسىر بۇرۇن ئارقا - ئارقىدىن
ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن .

مەن بۇ ياخشى نىيەتلىك بوۋاينىڭ روھىغا ئاتاپ بىلگەن
ئايەتلىرىمنى ئوقۇپ دۇئا قىلدىم . بوۋاينىڭ چوگۈنى بىلەن ئۇ-
نىڭ قەبرىسىدىكى كوچەتلىككە سۇ قويدۇم .

1988 - يىلى

## بوتىلاق

ئۈچ رەت تىزىلغان ھەرخىل ھەررەڭدىكى ماشىنىلارنىڭ سېپىنىڭ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى . ئالدىدىكى ماشىنا يېرىم مېتىر سىلجىسا ، بىز ئولتۇرغان مىنبۇسمۇ يېرىم مېتىر سىلجىيتتى . ئۇ توختىسا بۇمۇ توختايتتى ، ماشىنىدا ئادەم لىق ئىدى ، مىنبۇسنىڭ دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن نەپەس ئالماقمۇ قىيىن ئىدى ، مىنبۇسنىڭ ئىشىكى يەنە ئېچىلدى ، بىر ئەر كىشى چىقتى ، ئۇنىڭغا ئۆرە تۇرماقتىن باشقا چارە يوق ئىشىككە يۆلىنىپ تۇردى ، ئۇنىڭ قولىدا تۆت ـ بەش ئايلىقچە بولغان بىر بوۋاق بالا ۋە بىر سومكا بار ئىدى ، ئۇنىڭ قولىدىكى بالا بىردەم تىپىرلىدى ، كېيىن ئىڭراشقا باشلىدى ،ياش يىگىت بېلىكىدىكى سومكىنى يەرگە تاشلاپ كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىن ئىمىزگىنى ئې- لىپ بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سالدى ، بوۋاق جىمىقتى . ئىسسىپ كەت- تىمۇ نېمە بولدى بوۋاق يەنە بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلىپ مى- دىرلاشقا ، ئىڭراشقا باشلىدى . يىگىت ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆ- تۈرۈپ ئەركىلەتتى .

— بوتىلىقىم ، بوتىلاق ، كۆزلىرى بۇلاق ، يىغلىماڭ ، يىغلىماڭ شوخ ئويناق ، ماشىنا ھازىر ماڭىدۇ ، دۇ ... دۇ ... دۇت ، ھازىر ماڭىدۇ .

قىزىق ئىش ، بالا جىمىقتى ، تېخى بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلىپ يولۇچىلارغا قاراشقا باشلىدى ، يىگىت ئۇنى ئەركىلەتتى .

— مانا ... مانا بوتىلىقىم ، يىغلىمايدىغان ئوماق بالا بۇ ، ئالـدىمىزدىكى ۋاتوسۇن ماڭىدىغانلا بولسا بىزمۇ ماڭىمىز ھە ... خان .

مەن ئالدىغا قارىدىم ، ۋاتوسۇن دېسە تۇرسۇن ئىسىملىك بىرىنى دەيدىغان ئوخشايدۇ ، ئۇ ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئوخـشايدۇ دەپتىمەن ، ئالدىدىكىسى « ۋاتسۇن » ماركىلىق چەت ئەل ماشىنىسى ئىكەن ، قارىغاندا ياش يىگىت چەت ئەلچە ئىسىمنى خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلغان بولسا كېرەك .

« بوتىلاق » دادىسى قارىغان يەرگە قارىدى ، قوللىرىنى ئۈزىتىپ پىلتىڭلىدى .

ماشىنا قوزغالمىدى ، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بۇ يىگىتكە ئورۇن كۆرسەتتىم ، يىگىت ئۇنىمىدى ، ئۇنىڭغان ھالدىمۇ مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن بىر قانچە ئادەمنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى . شۇ ئارىلىقتا ئىشىك قېشىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىر موماي بالىنى يىگىتنىڭ قولىدىن ئالدى . قۇچىقىدا يـاتقۇزۇپ پەپىلەشكە باشلىدى ، قىزىق ئىش ، بوۋاق پەپىلىگەنگە كـۆنمەي يىغلاشقا باشلىدى . يىگىت يەنە بالىنى قولىغا ئالدى . ئۇنى توغرىسىغا تۇتۇۋېلىپ قورسىقىغا پۈۋلەشكە باشلىدى .

— ئىـسسىپ كەتتىلىمۇ بوتىلاق ، مانا ھازىر ، ماڭىمىز ، ھازىر ، يىغلىمىسلا . ئىككىمىز تولا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ سەل نـوقەنچى بولۇپ قالدىمۇ نېمە . تازا بىر يەردە ئولتۇرالمايدىغان بو- لۇپ قاپلا ھە ! موماي‌لىرىنىڭ قۇچىقىدا بىردەم ئولتۇرسىلا نېمە بولاتتى .

بـالىنىڭ يىغىسى پەسلەپ مىدىرلاشقا ، خىتىلداشقا باش- لىدى .

— ھـە ، يەنە نېمە بوللا بوتىلاق ، ھە ، زاكىلىرى ھۆل

بولۇپ قاپتۇ ـ دە ، مانا ، مانا ھازىر ئالماشتۇرىمىز .

يىگىت ئىڭىشىپ سومكىغا قولىنى تىقىپ بىر پارچە ئاق لاتىنى ئېلىپ ئەپچىللىك بىلەن بالىنىڭ زاكىسىنى ئالماشتۇردى . بالىنىڭ يىغىسى بېسىقتى . يىگىتنىڭ ئەپچىللىكىگە ھەممەيلەن ئەجەبلەندى ، ئالدىدىكى ئورۇندىكى موماي ھۆل زاكىنى سومكىغا سېلىشقا ياردەملەشتى .

— بالام ، بالىنىڭ ئانىسى يوقمىدى ، ئىسسىقتا ئۆيدە قويماي كۆتۈرۈۋاپسىزغۇ ؟

— ئانىسىنى دەملا ، بار ئىدى ، ھازىر يوق .

— نەگە كەتكەن .

— ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن .

— يامانلاپ ؟... ئەمچەكتىكى بالىنى تاشلاپ يامانلىغان قانداق يامان خوتۇن ئۇ ؟

— ئۇ يامانمىكى يا بىز يامانمىكى بىلمىدۇق ھە بوتىلاق ، يامانلاپ كەتتىغۇ تاڭ .

— ۋاي بالام ، بۇ ئىش بولماپتۇ ، ھەرقانچە گۇناھ قىلسىمۇ ئانىسىنى ئېلىپ كېلىۋېلىڭ ، بولمىسا ماۋۇ بالىنى زىيان تارتىسىز .

— ۋاي ئانىكا ، بۇ ئەتراپتا بولسىغۇ ئېلىپ كېلەتتىم ، بەك يىراققا كەتتى دېسىلە يامانلاپ ، ھە . . . بوتىلاق .

— ۋاي نېمە دەيدىغانسىز ، نەگە كەتتى ؟

— شاياغا دېسىلە خان .

— نېمە . . . نېمە شاياغا ، ۋاي خۇدايىم بۇ كەمنىڭ خوتۇنلىرىنى قاراڭ ، بىزلەر ياش ۋاقتىمىزدا ھەرقانچە يامانلىساق شۇ كەنتتىكى ئانىمىزنىڭكىگە بىر جۇمەگىچە ، ھە قانچىلىك بولدى .

— بالا قىرىق كۈنلۈك بولغاندا كەتكەنچە .

— ۋاي خۇدا ، ۋاي توۋا ، بىچارە بالا ، ھېلىمۇ بىر نېمە

بولۇپ قالماپتۇ ، تووۋا خۇدايىم ، هوي بالام ئانىسى ماڭغاندا بالىنى ئېلىۋېلىڭ ، بۇ تېخى كىچىك دېسلە بولمامدۇ ؟

— دېـمەمدىغان ، دەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇ- لۇپ كەتتى .

يىگىت ئۇنىنى ئىنچىكە چىقىرىپ خوتۇنىنى دورىدى :

— كۆن ئىسسىق ، بالا ئىسسىقتا بىر نېمە بولۇپ قالسا ئۆ- لۈك - تىرىكىنىمۇ كۆرەلمەيسىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆيىڭىزگە بالا كۆتۈرۈپ كەلمىگەن ، قانداق قىلىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ دەي- دۇ . مەن « بۇ بالا بەك كىچىك ، ئىچىڭ ئاغرىسۇن » دېسەم تۇ- غۇتىدا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ چوڭ بولىدۇغۇ ، تۇغۇپ ئېمە- تىپ قىرىق كۈنلۈك قىلىپ قويدۇم ، قانداق قىلىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ دەيدۇ .

— ۋاي جېنىم بالام ، قانداق قىلغانسىلەر ؟

— ۋاي ئانىكا ، مەن تېخى بالا ئانىسىنى ئەمىسە ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلايتتىم ، ئۇنداقمۇ بولمايدىكەن ، كالا سۈتىنى قايىنىتىپ ئىچۈردۇم ، بىر تۇڭگانىنىڭ هويلىسىدا قوشنا ئولتۇرىمەن ، هازىر تۇڭگان كالىسىنى سېغىۋاتسا تىلىنى تامشىپ كالىدىن كۆزىنى ئۈزمەيدۇ ؛ كالىنى يېتىلەپ كەتسە چىرقىرايدۇ . ياكى ئاق سۈت بەرگەن ئانام مۇشۇ دەمدىكىن .

موماي كۈلۈپ كەتتى ، يىگىتمۇ بوۋاقمۇ كۈلدى ، ئاپتو- بۇستىكى هەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى .

— نەگە ئېلىپ ماڭدىڭىز ؟

— نـەگـە ئاپىراتتۇق ئانىكا ، ئۆزىنىڭ ئانىسىچىلىك بىر ياش چوكانىنىڭ ئۆيىگە . ئۇنىڭ قىرىق - ئەللىك كۈنلۈك بىر بوۋىقى بارئىكەن ، ئۇ چوكان بالىنى ئېمىتىپ قاراپ بەرمەكچى بولدى .

— ئايدا قانچە بېرىسىز ؟
— ئۇغۇ ، بىرەر يۈز كوي بەرسىڭىزلا بولار دېۋىدى ، مەن ئۈچ يۈز يۈەن بەردىم .
— مۇنداق دەڭ .
— ئىلىشمىغۇچە تېپىشماس دېگەندەك بۇ بوتىلاقنىڭ ئانىسى يامانلاپ كەتكەن ، ئۇ چوكاننىڭ ئېرى .
— نېمە ، نېمە ئەركىشى يامانلىغان نەدە بار .
— بالىنى تېپىشنى تېپىپ قويۇپ ، خوتۇنىغا تاشلاپ ئۇقەت دەپ بىر چىقىپ كەتكەنچە يوقمىش ، بىچارە چوكان ئۆزى بالىنى تۇغۇپ چوڭ قىلىۋېتىپتۇ . بۇنى بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىگىسى دېۋىدى ، ئىزدەپ بارسام ئوڭلۇق ئايالكەن . بىزنىڭ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئانىسىنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرىدىكەن ، بىرەر ئايدىن بېرى بالىنى ئېمىتىپ بېقىۋىدى ، بالا خېلى ئەت ئېلىپ قالدى ، مەن ئىچكىرىگە بىر ئىش بىلەن ماڭماقچىدىم ، تۈنۈگۈن « بوتىلاقنى » ئەكىتىپ كېچىچە مەيدەمگە تېڭىپ يۆراپ ياتتىم .
— بالا دېگەن تاتلىقمىكەن ؟
— تاتلىق بولمامدىغان ھە خان ، شۇنداق ئەقىللىق دېسلە ، ئىشكتىن كىرىپ بولغۇچە قولىرىنى ماڭا ئۇزىتىپ چىرقىراپ كېتىدۇ دېسلە .
— ۋاي خۇدا ، ۋاي خۇدا ، بالىجانلىق ئادەم ئىكەنسىز ، غوجام بالام ، خۇدا مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەر . بالىنىڭ ئانىسىمۇ ئىنساپقا كېلىپ قالار .
— پۇلنى كۆرسە ئىنساپقا كېلىدۇ ئۇ ، شۇ پۇلنى تاپقىلى ئىچكىرىگە باراي دەۋاتىمەن ئانىكا .
ئاپتوبۇس ماڭدى ، بوۋاقنىڭ گۇگرىشى توختىدى . يېگىت بوۋاقنىڭ قورسىقىنى يۈزىگە يېقىۋېلىپ ئەركىلىتىشكە باش-

لىدى . بوۋاق كۆلەتتى ، كۆلەتتى .

ئاپتوبۇس بېكەتكە يېتىپ كەلدى ، ئىشىك ئېچىلدى . يە-
گىت ئاپتوبۇستىن چۈشتى ، « بوتىلاق » نى بېشىدىن ئېگىز كۆ-
تۈرۈپ ئەركىلەتكىنىچە ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ كەتتى .

1989 – يىلى

## زۇكام بولۇپ قاپسز

مايسخاننىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ قالغانىدى . گېلى قۇرۇپ ئېچىشقاندەك بولاتتى . بىرەر يۇتۇم سۇ ، بىرەر لوقما تاماقمۇ ئۆتۈشنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى .

تولا كېسەل تارتىپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ ئايال دوختۇرغا ئامال بولمىغاندا بارمىسا ئادەتتە ئانچە كۆپ بارمايتتى .

تولا ئاغرىغان ئادەم يېرىم دوختۇر بولۇپ قالىدۇ دېيىشىدۇ . مايسخانمۇ دوختۇرغا بارمايمۇ بىر قانچە كېسەللىرىگە ئۆزى دوختۇرلۇق قىلىپ جان ساقلاپ يۈرگىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى ، ئىككى ئۈچ كۈندىن بېرى قىلغان دوختۇرلۇقى ئانچە ئەسقاتمىغاندەك تۇرىدۇ ، ئۇ ئەتىگەندە يېرىم پىيالە سۈت بىلەن گېلىنى غار - غار قىلدى ، سودا سۈيى بىلەن ئېغىزىنى چايقاپمۇ باقتى . قارىغاندا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ . ئۇ يۇڭ پوپايكىسىنى كىيىپ ياغلىقىنى ئورىدى - دە ، دوختۇرغا ماڭدى .

دوختۇرخانىنىڭ نومۇر بۆلۈمىدە ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن دەسسەيدىغانغىمۇ يەر يوق ئىدى . ئۇ شۇنچە سوغدا دوختۇرخانىغا كېلىپ قالغىنىغىمۇ پۇشايمان قىلدى ، ئاستا كېتىپ قالماقچىمۇ بولدى . بىراق ، تالاغا

چىققاندىن كېيىن تېنى شۈركۈنۈپ قىزىتمىسى ئۆرلىگەچكە دورا ياكى ئوكۇل يازدۇرۇپ ئېلىپ ئاندىن كەتمەكچى بولدى ، نومۇر بۆلۈمىدە تالاغىچە سوزۇلغان ئۆچىرەتنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ تىزىلدى .

بىر سائەتتىن كېيىن ئىچكى بۆلۈمنىڭ توقسان توققۇزىنچى نومۇردىن بىرى قولىغا تەگدى ، ئۇ ئەمدى ئىچكى بۆلۈمنىڭ كارىدورىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە نۆۋەت ساقلىدى .

دوختۇر ئۇنىڭ كارنىيى ئاغرىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ نومۇرىنى قولىغا تۇتقۇزدى ــ دە مۇنداق دېدى :

ــ ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمىگە بېرىڭ .

مايسىخان ئۇنىڭغا چۈشەندۈرەي دېگىچە نۆۋەتتىكى كېسەلنى چاقىرىشقا باشلىدى .

مايسىخان ئېغىرلاشقان قەدىمىنى تەستە يۆتكەپ يەنە نومۇر بۆلۈمىگە باردى ، بۇ يەردە ئادەم بايىقىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتكەندى ، يەنە ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا توغرا كەلدى ، مىڭ تەستە تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا بېرىپ نومۇرنى ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمىگە ئالماشتۇردى .

ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئانچە ئۇزۇن ئۆچىرەت ساقلىمايلا دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە مۇۋاپىق بولالىدى .

دوختۇر ئۇنىڭ بورۇنلىرىنىڭ قىزىرىپ كۆزلىرىنىڭ ياشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سوئال سورىدى .

ــ بويىڭىز قىزىمدۇ ؟

ــ ھەئە بېشىممۇ ئاغرىيدۇ ، گېلىم . . .

ــ زۇكام بوپسىز ، ئىچكى بۆلۈمگە بېرىڭ .

— بالام ، — دېدى مايسخان ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ مەن ئىچكى بۆلۈمگە هازىر بېرىپ . . .

هە شۇنداق قىلىڭ ، هازىرلا بېرىڭ ، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇمۇۋالنىڭكىنى قولىنى يۇيۇشقا تۇتۇندى .

مايسخاننىڭ بېشى پىرقىراپ كارىدورنىڭ تېمىغا يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى .

1990 – يىلى

## ئاھ، قىزىل ياقۇت

ئولتۇرۇش بەك قىزىپ كەتتى. بۇنى ساھىبخانىنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە خۇشخۇيلۇقىدىن كۆرۈش كېرەكمۇ ياكى ئۇ چاقىرىپ كەلگەن دۇتارچىنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى دۇتار ئۈستىدە ئوينىتىپ تارلارنى تىترىتىپ چېلىشى ۋە ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرىدىن كۆرۈش كېرەكمۇ، بىلەلمىدىم.

دۇتار چالغان چوكان ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتماي دۇتار چالسىمۇ خۇددى دۇتار كۈيلەۋاتقاندەك، ناخشىنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ يېقىملىق بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتسا ناخشىنى دۇتارى، دۇتارىنى ناخشىسى بېسۋالالمايتتى. ئۇ ھەرقانداق بىر شوخ كۈيگە چالغاندىمۇ يەنىلا ناخشىسىدا بىر مۇڭ ھۆكۈم سۈرەتتى، مۇشۇ مۇڭ ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ جېنى ئىدى.

مەن دۇتارچىنىڭ قىزغۇچ قوڭۇر چاچلىرىنى، چاچلىرىنىڭ كېڭىيىپ قالغاندەك ئايرىمىسىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئاپئاق پېشانىسى، گىلاستەك قىپقىزىل ھالقا سېلىنغان چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. چوكان بىر نەچچە ناخشا ئېيتتى. ھەتتا، شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگىمۇ چالدى. لېكىن، بېشىنى كۆتۈرمىدى. بىرەر قېتىممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا قارىمىدى. بۇ ھال مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا قىزىقىش ئويغاتتى. مەن يېنىمدىكى ئايالدىن دۇتارچىنىڭ كىملىكىنى سورىدىم، ئۇ ئايال خۇددى بىرەر ئۆچى باردەك تېرىكىپ جاۋاب بەردى:

ـــ هـەئە ، ئۇ كوچىدىكى بىر ج . . . غو ، توي ـ تۆكۈن-
لـەردە دۇتار چېلىپ جان باقىدىغان ... ئۆي ئىگىسى ئۇنى نېمە
دەپ بۇ يەرگە چاقىرىپ كەلدىكىن .
دۇتـارچى چوكاننىڭ سىياقى كىمنىدۇر يادىمغا سالاتتىيۇ
لېكىن تازا ئېسىمگە ئالالمايۋاتاتتىم ، دۇتارمۇ ، ناخشىلارمۇ توخ-
تىدى . چوكان بېشىنى كۆتۈردى ، تەرلىگەن پېشانىسىنى قولىنىڭ
كەينى بىلەن سۈرتتى . توساتتىنلا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قال-
دى . چۈنكى بىر كىمنىڭ ئۆزۈڭگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىمىڭ
سېزىدۇ ئەمەسمۇ . مەن قاراۋېرىپ ئاخىرى ئۇنى ئۆزۈمگە قاراتقا-
نىدىم . ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇددى يوقىتىپ قويغان ئامراق بىر نې-
مىسىنى ئەسلەۋاتقاندەك ماڭا قاراپ قالدى . مەنمۇ شۇنداق ئىدىم .
ئاخىرى ئۇنى تونۇۋالدىم . ئۇ مېنىڭ بالىلىق چاغدىكى ئامراق
دوستۇم ، ساۋاقدىشىم ياقۇت ئىدى .

ئۇ بـەك چىرايلىق ئىدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى رىۋايەتلەردىكى
پادىشاھنىڭ قىزلىرىدەك دۈگىلەك ۋە ئاق سۈزۈك ئىدى . ئىككى
مـەڭزى بولسا ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىل ئىدى . لەۋلىرى قۇلىقى-
دىكى قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسىدەك قىزىرىپ تۇراتتى . كۆز-
لىرى خۇددى ناخشىلاردا قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم دەپ كۈيلەنگەن-
دەك قـاپـقارا ۋە نۇرلۇق ئىدى . بۇرنى بولسا دۇنيادىكى بارلىق
كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى چىرايلىقلارنىڭ تەس-
ۋىرىنى قانداق تەسۋىرلىگەن بولسا خۇددى شۇنداق ئىدى ، يەنى
ئىلىپتەك ئىدى . ئۇنىڭ توم ئىككى ئۆرۈم چېچى بەللىرىگە چۈ-
شۈپ تۇراتتى . بويى بولسا غۇنچە بويلار قاتارىغا كىرەتتى . ئاشۇ
چاغلاردا ئۇ ئون ئۈچ ـ ئوت تۆت ياشلاردا ئىدى . جەنۇبنىڭ
قىزلىرى پات بالاغەتكە يېتەمدۇ ياكى ئۇنىڭ يېشى بىزدىن

چوڭراقمىكىن ئىشقىلىپ ئۇ پاتلا يېتىلىپ قالدى . ئۇ ئەمدى
چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرگۈزمەي ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ كەي-
ىنگە تاشلاپ يۈرىدىغان ، ئىشتىياق بىلەن كىيىنىدىغان بولۇپ
قالدى . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققان
يىلى ئۇ ، قانداقتۇر بىر يوللار بىلەن تېخنىكومدا ئوقوشقا ئۈرۈم-
چىگە كەتتى . بىر يىلدىن كېيىن مەن ئىمتىهان بېرىپ تېخنىكومغا
بارغاندا ئۇ ئىككىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى .
بىر يىللىق ئوقۇش ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەر-
تىۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ چىرايلىق ۋە توم چاچلىرى بىر ساپاق ئۈ-
زۈمدەك بۈدرە قىلىنغان ، ئۈستۋېشىمۇ ئۆزگىرىپ مودىغا لايىقلاش-
قانىدى . ھەممىدىن ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى .
ئۇنىڭ بالىلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى بالاغەتكە
يەتكەن قىزلاردەك تۇتاتتى . ئۇ ناھايىتى ھېسسىياتچان ئىدى . ئۇ
دەسلەپتە بىزنى كۆزگە ئىلمىغاندەك يۈردى ، بىراق بىر يۇرتلۇق
ئۇنىڭ ئۈستىگە دوست بولغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ ياكى سىرلىرىنى
ئىشىنىپ ئېيتىپ بېرىدىغان ئادەم لازىم بولۇپ قالدىمۇ ، يېرىم
يىللاردىن كېيىن پات - پات ياتىقىمغا كىرىپ مېنى ئىزدەيدىغان
بولدى . مېنىڭ كارۋىتىمدا يېتىۋېلىپ تاڭ ئاتقۇچە كۇسۇرلاپ
چىقاتتى . ئۇ ئاسانلا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتى ، ياخشى
كۆرۈپ قالغان ئادەمنىڭ مېگىش - تۇرۇشى ، سۆز-
لەش ئادەتلىرى ، مىجەز - خۇلقلىرىغىچە ئۆگىنەتتى . ئۇ بىرىنى
ھوشىدىن كەتكۈچە ياخشى كۆرەتتى ، سانسىز كېچىلەرنى ئۇنىڭ
دەردى ، ئۇنىڭ خىيالى بىلەن ئۆتكۈزەتتى . ئۇ ئادەمگە مۇناس-
ۋەتلىك تالاي چۈشلەرنى كۆرەتتى . بەزىدە ئۆز سۆيگۈنىنىڭ بى-
رەر قىز ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا تاماققا ماڭغى-
نىنى كۆرۈپ قالسا كۈنداشلىقى تۇتۇپ كېتەتتى . ھېلىقى قىزنى

ئەشەددىي دۈشمىنىدەك يامان كۆرەتتى .

بىر قېتىم ئۇ بىزنىڭ نەزەرىيە دەرس ئوقۇتقۇچىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدى . ئۇئوقۇتقۇچى ئېگىز بويلۇق ، ئاق يۈز-لۈك ، قاڭشا بۇرۇن كەلگەن قارا كۆز ، قارا قاشلىق يىگىت ئىدى . ياقۇت ئۇ دەرس ئۆتىدىغان چارشەنبىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىد-دىغان بولدى . سەيشەنبە كۈنى كەچتە ئۇ پۈتۈن كىيىم ـ كې-چەكلىرىگە دەزمال سالاتتى . باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ ، تويغا با-رىدىغاندەك تەييارلىق قىلاتتى . چارشەنبە ئەتىگىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇياتتى . چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى تېخىمۇ قارا قىلىپ سۈرمە قوياتتى . يۈزلىرىگە ئاۋۋال ئاقارتىدىغان ماي ، ئۇنىڭ ئۈستىگە « مودەن » ماركىلىق خۇش پۇراق ئۇپا سۈركەيتتى . قېشىغا كاماندەك قىلىپ قاشلىق ئېتەتتى . لەۋلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزارتىۋالاتتى . ئاخشىمى قەغەزگە يۆگەپ بۈدرە قىلغان چېكە چاچلىرىنى تاراپ مۈرىسىگە تاشلايتتى ياكى چوققىسىغا باتتىلاپ چەينەكنىڭ ساپىقىدەك قىلىۋالاتتى . ئىچ كۆڭلەكنىڭ تېشىدىن كەڭ بەلۋاغ بىلەن باغلاپ ئىنچىكە بې-لىنى يەنىمۇ بوغۇپ ئاپتاۋىنىڭ بويىنىدەك قىلىۋېتەتتى . تېخى تولمىغان نازۇك پاچاقلىرىغا ئېپەك پايپاق تارتىپ ، پۇتىغا مىلتىق-نىڭ ئوقىدەك ئىنچىكە پاشنىلىق ئاياغ كىيەتتى . ئۇ ئاشۇنداق تەييارلىقلار بىلەن دەرسكە چىقىشقا تەييارلىناتتى . بۇ مەش-غۇلاتلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەتتا تاماققىمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى . بىر كۈنى ئۇ دەل ئاشۇ « سۆيۈملۈكى » نىڭ دەرسكە كېچىكىپ قالدى . قائىدە بويىچە كىچىككەن ئوقۇغۇچىلار ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى . لېكىن ئۇ بەللىرىنى تولغاپ ، چېكىپ دەسسەپ پارتىسىغا قاراپ ماڭدى ، تەجرىبىسىز ياش مۇئەللىم ئۇ-نىڭ ئۆزىگە ئاشىقلىقىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر بولغاچقا ئۇنىڭ

كىچىكىپ كەلگىنىگە ۋە رۇخسەتسىز ئولتۇرغىنىغا بىر نەچچە ئېغىز تەنبىھ بېرىۋېدى، شۇ يەردىلا ياقۇتنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ مەكتەپكىنوخانىسىدا بىر قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىنو كۆرگىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى كۆڭۈل دەپتىرىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋەتتى. كېيىنكى ھەپتىدە قەشقەرلىق گارمۇنچى يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ دەردىنى ساق بىر ئاي تارتتى. بىر ئايغىچە ئورۇقلاپ يوپكىلىرىنىڭ بېلى كەڭ كېلىپ قالدى. بىراق، گارمۇنچى ئۇنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىغا يالقۇنلۇق ئىبارىلىرىگە لايىقىدا جاۋاب بېرىپ، ھەتتا تانسىلاردا ئۇنىڭ نازۇك بەللىرىنى قورۇپ كۆكرىكىنى كۆكرىكىگە يېقىپ يۈرگىنى بىلەن، قاراڭغۇ كاردۇرنىڭ بۇلۇڭىدا پەلەمپەينىڭ ئاستىدا بىرىنچى يىللىقنىڭ بىر سېرىق سويمىسىنى قۇچاقلاپ تۇرغىنىنى ياقۇت ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالدى. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۇنى شۇنداق ئۆچ كۆرۈپ كەتتىكى ھەتتا ئۇ گارمۇن چالىدىغان تانسا پەدىلىرىگە ئويىنىماس بولۇپ كەتتى. ئىشقۋازلىق ۋە رايى يېنىشلار بىلەن تۆت يىللىق بۇ تېخنىكوم پۈتۈپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا تەقسىم قىلىندى.

ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەردە تانسا، تاماشىلار بىلەن كۆنۈپ قالغان بۇ نازىنىنغا كىچىك شەھەرنىڭ توپىلاڭ كوچىلىرى ۋە كىچىككىنە ئىدارىسى قانداقمۇ مۇۋاپىق كەلسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ياتىقىدا كەچكىچە يىغلاپ يېتىۋېلىپ چاقىرمىغۇچە ئىشخانىغا چىقمايتتى، ئىشخانىدىكى تومپاي، قوپال ئۆتۈك كىيگەن خىزمەتداشلىرىغا قاراپمۇ قويمايتتى. ئەر خىزمەتداشلىرىغا «ئۇماچ تۇماق، قاتتىق ئۆتۈك سەھرالىقلار» دەپ، ئايال خىزمەتداشلىرىغا «كالا كومشا، كۆك پايپاقلار» دەپ لەقەم قويغانىدى. ئۇلارمۇ بۇ

قىزنى كېلىشتۈرۈپ « يىڭناغۇچ » دەپ ئاتاشتى .

ھەر نېمە بولسا بۇ شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى بىر زالدا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان تانسا ئۇنى زېرىكىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى ۋە ئۇنى بىر ھەپتىگىچە روھى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيتتى .

بىر كۈنى شەنبىلىك تانسا كېچىلىكىدە ئۇ بىر چىرايلىق ۋىراچ يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى ، گەۋدىلىك كەلگەن قارا قۇمچاق يۈزىنى سەمىمىي كۈلكىسى جانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى . ياقۇتمۇ ئۇنى . . .

ئەمدى ئۇنىڭ كۈنلىرى كۈندە دوختۇرخانىغا قاتراش بىلەن ئۆتىدىغان بولدى . ياش دوختۇر ئاپئاق خالات كىيگەن قامىتى بىلەن يەنىمۇ چىرايلىق ، تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى . يىگىت پىلاندۇسكوپنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ ، خۇمار كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەيتتى . قىزمۇ قايرىلما كىرپىكلىرىنى دەم ئېچىپ ، دەم يۇمۇپ يىگىتكە تويماي قارايتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى . يۈرەكنىڭ دۈپۈلدىشى پىلاندۇسكوپ ئارقىلىق يىگىتنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى . ئۇ يىگىتكە « بېشىم ئاغرىيدۇ ، ئۇيقۇم كەلمەيدۇ ، ئىشتىھايىم يوق » دەپ خىلمۇ خىل دورا ـ ئوكۇللارنى يازدۇراتتى ، تولىراق ھەپتىلىك ، ئىككى ئۈچ كۈنلۈك ئىسپىراپكا سورايتتى . يىگىت بۇ قىزغا ئوكۇل ـ دورا ئىسپىراپكا يېزىپ بېرەتتىيۇ ، لېكىن ۋىجدان ئازابىدا قىينىلاتتى . ساپساق قىزغا دورا ـ ئوكول ، ئىسپىراپكا يېزىپ بېرىپ ئارقىسىدىن پۇشايمان قىلاتتى . لېكىن ، قىز يەنە قايتا كەلگىنىدە يەنە شۇنداق قىلاتتى . بۇ قېتىمقى كۆيۈشنىڭ ۋاقتى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى . بۇنىڭغا يىگىتنىڭ سۆيۈملۈكلۈكى ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىقى سەۋەب بولدى ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىر يىل ئۆتتى . پراكتىكانتلارنى باھالاشتا باھالىنالماي ياقۇت پراكتى-

كانتلىق مائاشى بىلەنلا قالدى ، باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ مائاشىنىڭ ئۆسكەنلىكى ئۇنىڭغا تازا ئەلەم قىلدى . قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغدا ئۇرۇمچىگە ئەرگە تېگىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ئانىسى كېلىپ قالدى ، بۇ ئايال ئۆز ئۆمرىدە تولا ئەرگە تەگكەن خوتۇن بولۇپ مۇشۇ قىزى باشلانغۇچتىن تارتىپ تېخنىكومدا ئوقۇغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئالتە قېتىمغىچە فامىلىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغانىدى . نېمىشقىدۇر ئانىسى ئۇنى يېڭى تەگكەن ئېرىنىڭ ئىسمىنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىشقا مەجبۇر قىلاتتى . بۇ ئۇنىڭ ئەرلىرىگە بولغان ئىخلاسىدىنمىكىن ياكى قىزىنى ئۇلارنىڭ مېھرى ــ شەپقىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈنمىكىن بۇنى بىلىپ بولمايتتى .

ئاشۇ ئانىسى ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىش ئۈچۈن بىرەر ئايچە يول ماڭدى ، بىراق كىچىك شەھەردىن چوڭ شەھەرگە خىزمەت يۆتكەش قىيىن بولغاچقا ھەم قىزىنىڭمۇ تازا كەتكۈسى يوق بولغاچقا بۇ ئىش ھەل بولمىدى .

بىرئىككى ئايلاردىن كېيىن ئالتە خوتۇن ئېلىپ ھەممىدىن ئارانلا ئالتە بالا تاپقان ، ئاخىرىدا ئەل ـ ئاغىنە يېقىن يورۇقلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىپ يەنە ئويلىنىش ئۈچۈن k شەھىرىگە سەپەر قىلغان ، جۇشقۇن چاغلىرى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆزىنى ياشاشتىن قالمىغان بىر قېرى ئەمەلدار بۇ مومايغا يولۇقۇپ قالدى ، ئۇلار كونا تونۇش بولسا كېرەك موماي ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتتى . ئۇ ئادەم ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۈرۈمچىدە كىنو ئارتىسلىقىغا كىرگۈزۈپ قويۇشقا ۋەدە بەردى . ئۆز ئۆمرىدە تالاي ئەرلەرنى ئالدىغان ، ئەمدى قىزىنىمۇ شۇ كويغا سالماقچى بولغان قۇۋ موماي مۇشۇ يەردە بىر ھۆل خىشقا دەسسىدى .

بۇ شەھەردىكى ئەمەلدارنىڭ يۈزى ئەسقېتىپ قىزنى يۆت-
كەپ بېرىشكە قوشۇلدى . ئۈرۈمچى دېگەن يەردە مۇنداق ئە-
مەلدارنىڭ كۆشكى بىر پۇل تۇرسا ، ئۇ يەردىمۇ ئىش مۇشۇنداق
ئاسان ھەل بولارمۇ دېمەي موماي قىزنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ
بولدى دەپ ھېسابلىدى . قىزنىڭ تارتىشقىنىغا ئۇنىماي يۈك –
تاقىسىنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلدى . بىر ئايدىن كېيىن
ئەمەلدار « بۇ يەردىكىلەر قىزنىڭ يولدىشىمۇ مۇشۇ يەردە بولسا
ئاسان يۆتكەلگىلى بولىدۇ ، بولمىسا يۆتكىگىلى بولمايدىكەن »
دېگەن گەپنى تېپىپ كېلىپ ئانا – بالا ئىككىسىنىڭ بېشىنىڭ
ئىچىنىمۇ – تېشىنىمۇ قاتۇرۇۋەتتى . موماي ئۆزىگە ئەرنى ئاسان
تاپقان بىلەن ئوقۇمۇشلۇق قىزىغا لايىق كەلگۈدەك ئەرنى مۇنداق
قىسقا ۋاقىتتا نەدىن تاپسۇن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت ئورنىدىن
تېلېگراممۇ ، تېلېفون كېلىۋېرىپ ئالدىرىتىپ كېتىۋاتسا . ئاخىرى
بۇ باش قېتىمچىلىقتىن بۇلارنى يەنە شۇ ئەمەلدارنىڭ ئۆزى قۇت-
قۇزدى ، ئۇ قىز بىلەن جاڭزا ئېلىپ تۇرماقچى ، جاڭزىنى كۆتۈ-
رۈپ كادىرلار بۆلۈمىگە بارسا رەسمىيەت ئۆتەپ بەرمەكچى
بولدى ، ئانا – بالا ئىككىسى بۇ پىلانغىمۇ ماقۇل دېدى . شۇنداق
قىلىپ يۈرۈپ ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى ، يەتتىنچى ئاي بولغاندا
ئەمەلدار بۇ ئىشنىڭمۇ ئەپلەشمىگەنلىكىنى ئېيتىپ سەككىزىنچى
ئايدا قىزغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى ، قىز يىغلاپ چاچلى-
رىنى يۇلۇپ k شەھىرىگە كەتمەكچى بولدى ، بىراق قېرى قاقۋاش
ئەمەلدار ، نادان قىزغا « بىر كادىر ئۆزلۈكىدىن ئالتە ئاي خىزمەت
تاشلىسا خىزمىتىدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆججەت بارلى-
قىنى ئېيتىپ قىزنىڭ بۇ يولىنىمۇ كەستى . موماي k شەھىرىگە بې-
رىشنىڭ ئالدىدا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەچكە ئۇلارنىڭ تۇرمۇ-
شىنى قامدىشىمۇ بىر مەسىلە بولۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملى-

كـەتتە يۈز بەرگەن ئاشلىق قەھەتچىلىكى ئۇرۇمچىدە ئۆزىنى بەك كـۆرسەتىپ نوپۇسسىز ئىككى جاننىڭ قورساق مەسىلىسى چوڭ ئىشقا ئايلانغانىدى . ( موماينىڭمۇ نوپۇسى تېخىچە k شەھىرىدە ئىدى ) . ئاخىرى ئۇيان تارتىشىپ ، بۇيان تارتىشىپ قىز قېرى ئەمەلدارغا خوتۇن بولۇشقا مەجبۇر بولدى .

دەسلەپكى يىللارغۇ خېلى مەنىلىك ئۆتتى ، ھە دېسە چاي زىـياپەتلەر ، تانسا كېچىلىكىدە پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان بۇ ئا- دەم بۇ قىزنى قورچاقتەك ياساپ كەينىگە سېلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئويۇن خۇمارىنى خېلى قاندۇردى ، قىزمۇ بۇ خىل ھېچنەگە ئال- دىـرمايدىغان ، سەھەر تۇرۇپ خىزمەتكە چاپمايدىغان بىغەم تۇر- مۇشقا كۆنۈپمۇ قالغاندەك بولدى ، بىراق بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئــىش چــاتــاقــلاشــتــى . قىشنىڭ سوغۇقىدا ، يازنىڭ ئىسسى- قىدا ئويۇن ـ تاماشاغا بارغان بىلەن بالا ئاغرىپ قالسا قانداق بو- لىدۇ ، بارغان بىلەنمۇ ئويىنىغىلى بولامدۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيدە قالىدىغان بولدى . قالسىغۇ مەيلى ، لېكىن ئىشنىڭ چاتاق يېرى ، ئۇقېرى بىكار ھاراق بىلەن تەييار تـاماق بولسا جاھاننىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلسىمۇ چىقىپ كېتىۋې- رەتتى ، ۋە شۇ يەردە قونۇپ قالىۋېرەتتى . ئۆيدە نېمە بار ، نېمە يوق ، ئوتتۇن كۆمۈر بارمۇ يوق ، بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى . دەسلەپتە ، ئانىسى ئانچە ـ مۇنچە قارىشىپ يۈرگەنىدى ، كېيىن ئۇمۇ قازا قىلدى ، يالغۇزلۇق ئۈستىگە يالغۇزلۇق ئۇنى تازا باستى . ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئىككىنچى بالىسىنى تۇغدى ، ئۇ تۇغۇپ ئىككى ئۈچ كۈنگىچە قوشنىلىرى ئۇنىڭ ئېرىغا خەۋەر قىلاي دېسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ بار يېرىنى تاپالمىدى .

بىچارە چىرايلىقنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش تېخى بىر نەچچە كۈنلۈك بولغان بوۋىقىنىڭ يۈزىگە تۆكۈلەتتى .

ئۆينىڭ سوغۇقلۇقىدىن تالا بىلەن پەرقى يوق ئىدى . چوڭ بالىسى چۈش بولغاندىمۇ يوتقاندىن چىقماي ياتاتتى . ئۇ يوتقاندا يېتىپ بالىسىنى ئېمىتتۈيېتىپ k شەھىرىدە تاشلاپ كەلگەن ياش دوختۇرنى ئەسلىدى . ئۇ پىلاندۇسكوپنى ئۇنىڭ گىرىپتىشىن كوپتىسىنىڭ كۆكرىكىگە قويۇۋېلىپ ، خۇمار كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە زوق ـ ھاياجان بىلەن تىكىپ تۇراتتى .

ئىسىت . . . ئىسىت . . . دەيتتى ئۇ قېنى قاچقان لەۋلىرىنى چىشلەپ .

« قېرى ئەبلەخ ، مېنى مۇشۇ كويغا سالغان قېرى ئەبلەخ » دەيتتى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىغىمۇ ئازراق قېيداش ، خاپىلىق بار ئىدى . « مېنىمۇ ئۆزىدەك سەرسان ، ۋەيران قىلماقچىدى مۇرادىغا يەتتى » دەپ ئويلايتتى ئۇ ، ئانىسىنىڭ سەرسان قىلىشنى ئويلىمىغان ۋە چوڭ شەھەردە ياخشىراق كۈن كۆرەمدىكىن دېگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ .

بالا ئىككى بولۇپ ، ئەمەلدارغا ئېغىر كەلگەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى . ئۆيدە بولسىلا جېدەل ـ ماجىرا قۇرۇمايتتى .

ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسىلا نەچچە كۈندە بىر كېلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇتنىڭ قىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرى ئاقىرىپ ، لالىدەك يۈزلىرى تاتارغان ، كىيىملىرى ئورۇق تېنىنى ياپالمىغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ قالغان ھەپتىلەپ چېچىنى تاراشمۇ ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمەيتتى . كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى رامكىغا ئېلىنغان ، ئۇنىڭ گۈزەل قىز بولغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئۇنىڭ رەسىمى ئۇنىڭ ئەمەس بەلكى باشقا ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىدىن كېسىۋېلىنغان كىنو چولپانلىرىنىڭ رەسىملىرىدەك كۆرۈنەتتى .

ئوت يېقىلمىغان ئۆيگە ئوخشاش سۆرۈن تۇرمۇش ھەر

ئـىككىسىنى تويغازدى ، ئەتىياز بولۇشى بىلەنلا ياقۇت ئېرىدىن ئاجرىشىپ ، بىر بالىسىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بىر بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ k شەھىرىگە بېرىپ ئۆزى ئىشلىگەن ئىدارىغا يولۇقۇپ باقاي دەپمو ئويلىدى . لېكىن ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەبـ-گار هالىتى بىلەن k شەھىرىگە بېرىشنى ئۆلۈم بىلەن تەڭ كۆر-دى ، ئۇنى ئەتىۋارلىغان ياخشى كۆرگەنلەر ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرسە نېمە دەر . كادىرلار بۆلۈملىرىگە ، ئەمگەك ئىدارىلىرىغا يو-لۇقـۇپ باقتى . ئۇ يەردىنمۇ نەتىجە چىقمىدى . ئۆي خىزمىتى قىلاي دەپمۇ ئويلىدى . لېكىن ، بىر بالا بىلەن خەقنىڭ ئۆيىگە پاتمىدى . ئاخىرى ئاچلىق ، مۇهتاجلىق ۋە بالىسىنىڭ ئېغىر كې-سەللىكى بىلەن بىر خەيرىخاھ ئايالنىڭ هىمايىسىگە ئىگە بولدى . بـۇ قاتناش تەرەپتە ئۆيى بار ، ياشلىقىدىن قالغان بولسىمۇ لېكىن تېخى ھەۋەستىن قالمىغان قېرى سەتەڭ گۇلنارخان ئىدى .

ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندا يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى ، ساهىبخان ھەممىمىزنى ئۇزىتىپ قويدى . تۆت كوچىنىڭ دوقمۇ-شـىدا مېھمانلار بىر ـ بىرى بىلەن خەيرلىشىپ ئۇزاپ كېتىشتى . كـوچىدىكى چىڭدالغان قار كورىغا ئۇيۇتقان قوي مېيىدەك تـوڭلاپ كەتكەنىدى . مېنىڭ پۇتۇممۇ سوغۇقتا توڭلاپ خۇددى يۇرىكىمدەك ئېچىشماقتا . توڭغىلاق يولدا مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ كېتىۋاتقان يالغۇز ئايالنىڭ ــ ياقۇتنىڭ قارىسى يوقالغىچە كەيـ-نىدىن قاراپ تۇردۇم .

كۆزلىرىمدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش يۈزۈمدە توختاپ مەڭزىمنى توڭدۇردى ، مەن پەلىيىم بىلەن يېشىمنى سۈرتىۋەتتىم . ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئېرىمغا يېتىشىۋالدىم ــ دە ، يۈرۈپ كەتتىم .

1990 ـ يىلى

# چىقىمنى كىم تۆلەيدۇ

كىرىماخۇننىڭ گۇسمەستەك قەددى ـ قامىتى يېقىندىن بېرى ئاغرىق دەستىدىن ئېگىلىپ ئىككى پۈكلىنىپ قالدى.

قىرىق يىل ئىشلەپ ئاغرىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن بۇ ئادەم دائىم ئەتراپىدىكىلەرگە پۇ ئېتىشقا ئامراق ئىدى. ھۆكۈمەتكە دورا پۇلىنى تىجەپ بېرىمەن دەيتتى ئۇ ماختىنىپ.

يېقىندىن بېرى ئۇ پۇ ئاتالمايدىغان، دوختۇردىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

كېچىچە ئۇنىڭ ئىككى تىزى، ئوڭ بىقىن تەرىپى يەنى ئاچ بىقىنى ئاغرىپ جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قويىدى. دوختۇر ئۆتكەندە يېزىپ بەرگەن دورىلارنى ئېچىپ باقتى، بولمىدى.

شۇڭا، ئەتىگەندە چايمۇ ئىچمەي دوختۇرغا ماڭدى، دوختۇر ئۇنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قان، كىچىك تەرەت ۋە يەنە ئاللىقانداق تەكشۈرۈشلەر ئۈچۈن بىر تالاي تەكشۈرۈش قەغەزلىرىنى يېزىپ بەردى.

كىرىماخۇن ئۆيدىن ـ ئۆيگە باپكانىڭ موكىسىدەك دوكۇلداپ كىرىپ يۈرۈپ بۇ تەكشۈرۈشلەرنىمۇ تۈگەتتى. دوختۇر يەنە چاۋشىڭفۇ، شىندىيەنتۇ ۋە يەنە كىرىماخۇن ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئاللىقانداق ماشىنىلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئۈچۈنمۇ قەغەز يېزىپ بەردى. بۇماشىنىلارنىڭ بەزىلىرى كىرىماخۇننى شۇ كۈنى

بەزىلىرى بولسا بىر ـ ئىككى ھەپتىدە ئاران تەكشۈرۈپ تۈگەتتى . كېرىماخۇن بىر تۇتام تەكشۈرۈش قەغەزلىرىنى ئېلىپ كېسەل تا-رىخى دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە دوختۇر ئالدىدىكى چىرايلىق قىزنىڭ كۆكرىكىگە پىلاندۇسكوپنى توغ-رىلاپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى « ئىنچىكە » لىك بىلەن تەكشۈرمەكتە ئىدى . كېرىماخۇن بۇلارنىڭ تەكشۈرۈشنىڭ تۈگۈشىنى كۈتۈپ سەۋر قىلىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى .

قارىغاندا بۇ تەكشۈرۈش پات تۈگەيدى-غاندەك ئەمەس . ئۇنىڭ بېقىنىغا يەنە ئاغرىق كىرىپ جېنىنى قاقشىتىۋەتتى .

كونىلاردا « ۋاي بېقىن ، مازار يېقىن » دېگەن گەپ بار . يا ئۇنىڭ كۈنى يېقىنلاپ قالدىمكىن .

ئۇ ئامالسىز ئىككىيلەننىڭ شېرىن تەكشۈرۈشىنى بۇزۇپ سۆز باشلىدى :

— دوختۇر ئۇكام ، بۇ قەغەزلەرنى كۆرۈپ باقسىڭىز ؟

دوختۇر قەغەزلەرنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ قويۇپ يەنە بىر قەغەز يېزىپ بەردى .

كېرىماخۇن بۇنى دورا قەغىزىمكىن دەپ ئويلاپ كاسسىغا ئېلىپ بېرىۋىدى ، بۇ دورا قەغىزى ئەمەس بەلكى يەنە قانداقتۇر بىر ماشىنىنىڭ تەكشۈرۈش قەغىزى بولۇپ چىقتى . كېرىماخۇن-نىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇردى . ئۇ ئاچچىقىدا دوختۇرنىڭ قېشىغا قانداق كىرگىنىنى تۇيماي قالدى .

— دوختۇر ئۇكام ، نېمانداق تۈگىمەيدىغان تەكشۈرۈش بۇ ، بۇ ماشىنىلارنىڭ مېنى تەكشۈرۈشتىنمۇ باشقا ئىشمۇ بارمۇ ؟ — دېدى تەنە بىلەن دوختۇرغا قاراپ .

دوختۇر كېرىماخۇنغا مۇنداق دېدى :
— سىلەرنى تەكشۈرىدۇ دەپ چەت ئەلدىن نۇرغۇن پۇلغا ئىمپورت قىلغان ماشىنىلار بۇ . ئىشلەتمەي بىكار تۇرسا چىقىمىنى كىم تۆلەيدۇ .

1990 ـ يىلى

## ئانا

بۇ ۋەقە بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى k شەھىرىنىڭ مە-
لۇم كوچىسىدا بولغانىدى . ياش ئانا مەشكە ئوتنى ئۇلۇغ قالاپ
ئۆيىنى قىزىتىۋەتتى . مەشىنىڭ ئۈستىدىكى چۆگۈندە سۇ شىڭىلداپ
بىردە ناخشىغا ، بىردە يىغىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىراتتى .

ياش ئانا چېلەكتىكى سۇنى ئاپتاۋىغا قۇيدى . چۆگۈندىن
قايناق سۇ قۇيۇپ ئىلمان قىلىپ تەگشىدى ئاندىن بوۋىقىنى داستا
ئولتۇرغۇزۇپ ئۈستىدىن ئاپتاۋىدىكى ئىللىق سۇنى قۇيۇپ يۇيۇن-
دۇردى ، ئۇنى ئاپئاق يۆگەككە يۆگەپ بۆشۈككە بۆلىدى . ئۇنى
ئېمىتىپ ئۇخلاتتى . يېنىدا يەنە ئىككى ـ ئۈچ ياشلاردىكى قىز بالا
ئۇيـقۇسى كەلگەنلىكتىن ئەسنەپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى . ئانا ئو-
رۇن سېلىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدى ، ئىشىك دېرىزىلەرنى ھەم تا-
قاپ ھارغان بەدىنىنى ئورۇنغا چۆمكىدى — دە كۆزلىرىنى يۇم-
دى . كۆزى ئۇيقىغا كېتىپ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ئۇنىڭ يې-
نىدا ياتقان قىزچاق ئويغاندى .

— سۇ . . . سۇ . . .

ئانا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى . چۆگۈن
چېلەكلەرنى تاراقلىتىپ دۈم كۆمتۈردى ، ئەستاغپۇرۇللا ، بىر تې-
مىمۇ سۇ قالماپتۇ ، ئاخشام ئۇ باللارنى يۇيۇندۇرۇپ سۇنىڭ
تۈگەپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ، ئۇنىڭ بېشى قاتتى .

— ئەمدى قانداق قىلارمەن ، باللارنىڭ دادىسى بۈگۈن
ئىدارىدە نۆۋەتچى بولىمەن دېگەن . يامان ۋاقىتتا سۇنىڭ تۈگەپ

قالغىنىنى قارىمامدىغان ، سۇغا چىقىپ كەتسەم بۆشۈكتىكى بوۋاقمۇ ئـويـغـىـنـىـپ ئىككى بالا تەڭ يىغلاپ ئالەمنى مالەم قىلماسمۇ ؟

— ئۇسساپ كەتتىم ، سۇ . . . سۇ . . .

كـىچىك قىزچاقنىڭ نالىسى ئانىسىنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزدى . قىزچاق ھېچقانداق پەپىلەش ، ئالداشلارغا قۇلاق سالماي بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى .

— سۇ . . . سۇ . . .

ئانا ئالدىراپ قالدى . چاپاننى يېپىنچاقلاپ كەشىنى پۇتىغا سـاپـتى . چېلەكنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ، تالا قاپقاراڭغۇ . بىـرەرى قولىنى كۆزۈڭگە تىقسىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ .

ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قورۇ چوڭ بىر قورۇ ئىدى .ئەسلىدە بۇ بىر باينىڭ قورۇ - جايى بولۇپ مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە كـىـچىكرەك بىر كۆلچىكىمۇ بار ئىدى ، ھۆكۈمەت بۇنى ئۆزگەرتىپ قورۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىپ ئۇستەل - ئورۇنـدۇقلارنى بېكىتىپ يازلىق كىنوخانا قىلغانىدى . ياز ۋاقتى بولغان بولسا ، كىنوخانىدا يېرىم كېچىگىچە كىنو قويۇلۇپ تۇرغاچقا كىـنوخانىنىڭ ئىچى - تېشىدا ئادەم كەم بولمايتتى . بۇ كەچ كۈز پەيتى بولغاچقا كىنو قويۇش توختىغان ، قورۇدىكى قوشنىلار ئالـلىقاچان ئۇيقۇغا كېتىپ ، ئالەم جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى ، كىنو- خـانـىنىڭ كۆلچىكىدىكى سۇنى خەقلەر قوغۇن - تاۋۇز شاپاقلىـرىنى تاشلاپ مەينەت قىلىۋەتكەچكە ئىچىشكە يارىمايتتى .

ئانـا قـورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە شىپىر - شىپىر قىلـغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى . ئۇ قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ سۇر بېسىپ كەتتى . ئارقىسىغا ئىلدام يېنىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى . ئۆينىڭ ئىچىدىن بايىقىدەك سۇ . . .

سۇ . . . دېگەن قىزنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئۇنى كەينىگە قايتىشقا مەجبۇرلىدى .

مەھەللىدىكىلەر كىنوخانىدىكى سېدىدە جىن بار دېيىشىدىغان ، بۇ قورۇغا كەلگەندىن بېرى بۇ ياش چوكان جىننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ لېكىن بۇگۈن نېمىشقىدۇر ئاشۇ گەپلەر يادىغا چۈشۈپ قالدى ، يەنە شىر ـ شىر قىلغان ئاۋاز كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ تېنىنى جۇغۇلداتتى . قورققىنىدىن چېلىكى داراڭلاپ قولىدىن چۈشتى ، ئۇنىڭ چېلەكنى ئالغۇدەكمۇ ماغدۇرى قالمىدى ، چېلەكنىڭ داراڭلىغان ئاۋازى بېسىققاندىن كېيىن ئۇ شىپىرلىغان ئاۋازنىڭمۇ جىمىقىپ قالغانلىقىنى ئۆزى ماڭسا تەڭ شىپىرلاپ ، توختىسا تەڭ توختىغانلىقىنى بايقىدى ، ئۇ بايا ئۆزى ئالدىراپ كىيىۋالغان ۋە ئۆزى « شىپىرتاق » دەپ ئاتايدىغان ساپما كەشىدىن چىققان ئاۋازلىقىنى بايقاپ سەل ئۆزىگە كۈچ پەيدا قىلدى ، يەرگە ئېڭىشىپ چېلەكنى ئېلىپ كىنوخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى . كۆل بۇ قورۇدىن يۈز مېتىرچە نېرىدا سېپىل تۈۋىدە ئىدى . بۇ كۆلنى شەھەر خەلقى « يۇملاق شەھەر كۆلى » دەپ ئاتايتتى ، بۇ كۆل ناھايىتى چوڭ بولۇپ ياز كۈنى ئەتراپىغا تال ، بوستانلار سايە تاشلىغان ، ئۈچ ـ تۆت يېرىگە ئەپكەشچىلەر سۇ ئۇسۇيدىغان تاختاي بېكىتىلگەنىدى . ھازىر سۇ يېرىملاپ قالغاچقا بۇ يەردىن چېلەك بىلەن سۇ ئۇسۇشقا بولمايتتى . ئايال چېلىكىنى كۆتۈرۈپ كۆلنى ياقىلاپ پەسرەك جايىنى ئىزدىدى . كۆلنىڭ يانتۇ قىرغىقىدىن پەسلەپ سۇغا يېقىنلاشتى . كۆل ئايسىز كېچىدە قاپقارا سىياھ توشقۇزۇلغان داش قازاندەك كۆرۈنۈپ ئۇنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈۋەتتى . ئارىلاپ ـ ئارىلاپ نېمىدۇر بىر نەرسە پالاقلاپ ، قانداقتۇر بىرنەرسىلەر غويۇلداپ ئۇچۇپ غايىب

بولاتتى.

ئايال بىر تۈپ سۆگەتنىڭ شېخىنى بىر قولى بىلەن مەھ-
كەم تۇتۇۋالدى. ئىككى پۇتى لىڭشىپ تۇرغان يىلتىز ئۈستىدە
ئاران تۇراتتى. ئۇ ئېڭىشىپ چېلەكنى سۇغا پاتۇرۇپ كۆچەپ
تارتىشىغا، يىلتىز لىڭشىپ كېتىپ پۇتى تېيىلىپ كەتتى. ئۇ سۇغا
چۈشۈپ كەتتى. قولىدىكى چېلەك بېشىغا كىيىلىپ بېشىغا سۇ
تۆكۈلدى. قورقىنىدىن جان پېنى چىقىپ كەتكەندەك بولدى
لېكىن، بىرقولىدىكى سۆگەتنىڭ شېخىنى قويۇۋەتمىدى شۇ ھا-
لەتتە قانچىلىك تۇردىكىن، بەلكىم بىر مىنۇت تۇرغاندۇ، بەلكىم
بىر سائەت تۇرغاندۇ.

ئەمما، ئۇنىڭغا ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇ-
رۇۋاتقاندەك، ئاسمان بىلەن سۇ ئىچىدە جان تالىشىۋاتقاندەك بى-
لىندى، سوغۇق سۇغا چىلىشىپ تۇرۇپ پۇتىنىڭ پەيلىرى تار-
تىشىپ قالدى، بەدەنلىرى ئۇيۇشقاندەك بولدى. سوغ ئۇنى ھو-
شىغا كەلتۈردى، قوللىرى بوشىشىپ سۆگەت قولىدىن چىقىپ
كېتىشكە تاس قالدى. بىردىنلا كۆز ئالدىغا بۇلتۇر سۇغا چۆكۈپ
ئۆلگەن بىر چوكاننىڭ جەسىتى كەلدى. خەقلەر ئۇنى چاڭگاك
بىلەن سۈزۈۋالغاندا ئۇنىڭ قوللىرى پاقىنىڭ قورسىقىدەك ئاپئاق،
قورسىقى بولسا دۇمباقتەك ئېسىلىپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرىگە
پاقا لېشى چاپلىشىپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

ياش ئانا بۇ يېرىم كېچىدە سۇغا چىلىشىپ تۇرۇپ ئۆزد-
ىنمۇ ئەپكەشچىلەر چاڭگاك بىلەن سۇدىن ئىزدەۋاتقاندەك تۇيغۇغا
كېلىپ قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى چېلەكنىڭ
ئىچىدە گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ قۇلاقلىرىغا ئۇرۇلدى. لېكىن
ھېچكىم كېلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرمىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن چې-
لەكنى بېشىدىن ئېلىپ يىلتىزغا ئىلدى، كېيىن جان ئاچچىقىدا

ۋارقىراشقا باشلىدى .

— ئادەم بارمۇ ، ئادەم بارمۇ ؟

يىراقتىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ - مادار بەخش ئەتتى ، ئۇ يەنە ۋارقىرىدى .

— قۇتقۇزۇڭلار ، مەن سۇدا . . . كۆلنىڭ ئىچىدە . . .

قولى شاختىن چىقىپ كېتىپ يىلتىزلارغا ياماشتى ، ئاغزىغا سۇ كىرىپ كەتتى . ئۇ سۇنى ئاغزىدىن پۈركۈپ چىقىرىۋەتتى .

بىراق ۋارقىراشقا چامى كەلمىدى .

كۆلنىڭ بېشىدا بىرىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى ، كەينىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى .

— قايسىڭ بار !

— مەن . . . مەن مەيەردە . . . كۆلدە .

ئەر كىشى قاراڭغۇدا سىيلاپ يۈرۈپ كۆلنىڭ يان تەرىپىدىن پەسكە چۈشتى . ئۇ سۇدا پالاقلاپ تۇرغان چوكاننى ئاران ئىلغا قىلالىدى ، سىيلاپ يۈرۈپ چوكاننىڭ قولىنى تۇتتى .

ئېنىقراقنى ئېيتقاندا ، چوكان ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى .ئۇ چوكاننى كۈچەپ تارتىپ چىقاردى ، چوكاننىڭ ئۈستىبېشىدىن سۇ قۇيۇلاتتى . ئۇزۇن چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بولۇپ يۈز - كۆزلىرىنى ، پۈتۈن بەدىنىنى سۇ ئوتلىرى يۆگەپ تۇراتتى . ئەر كىشى ئەجەبلەندى ، ئايالنىڭ نېمىشقا يېرىم كېچىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكىنىنى چۈشۈنەلمەي ئۆزىچە خىلمۇ خىل قىياسلارنى قىلدى ، شۇ ئارىدا ئايالدىن زۇۋان چىقتى .

— ياخشى كىشى ، چېلىكىمنى ئالچىقىپ بەرگەن بولسىلا .

ئۇ ئادەم بىردەم توختاپ تۇرۇپ قالدى ، ئاندىن كېيىن

تېپىلىغاق بولۇپ قالغان قىيپاچ يەردىن ئاۋايلاپ مېڭىپ كۆلگە چۈشتى. يىلتىزغا ئىلىقلىق چېلەكنى ئاران تاپتى، ئۇنى ئەپچىقىپ ئايالىنىڭ يېنىغا قويدى.

— ئۆزىڭىز كېتەلەمسىز، ئۆيىڭىز يېقىنمۇ؟ دېدى ئەر كىشى.

ئايال بېشىنى ئىرغاڭلاتتى. قاراڭغۇدا ئەر كىشى بۇنى كۆرمىدى. ئايال دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. بەدىنىدىن ئاققان سۇ يەرنى كۆلچەككە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇ دەرمانسىز قوللىرى بىلەن چېلەكنى سىڭايان قىلىپ ئىچىدە سۇ يوقلۇقىنى بايقىدى. ئۇ ئۆيدە سۇ... سۇ... سۇ دەپ نالە قىلىپ ياتقان باللىرىنى ئويلىدى. ئەر كىشىگە بىر چېلەك سۇ ئېلىپ چىقىپ بەرسىڭىز دېمەكچى بولدىيۇ لېكىن ئاغزى بارمىدى، ئاستا چېلەكنى قولىغا ئېلىپ يەنە كۆلگە ماڭدى.

ئەر ئۇنىڭ يەنە كۆلگە ماڭغىنىغا ئەجەبلەندى، — دە ئالدىنى توسۇۋالدى.

— نەگە بارىسىز يەنە، يەر تېيىلىغاق بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆلگىڭىز كەلدىمۇ نېمە؟

— ئوبدان كىشى، باللىرىم... سۇ دەپ... خاپا بولماي بىر چېلەك سۇ ئېلىپ چىقىپ بەرسىڭىز.

ئەر كىشى جىم بولۇپ قالدى، كېيىن ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى.

— ئۇسسىغانغا باللار ئۆلۈپ قالمايدۇ. مېڭىڭ يولىڭىزغا.

ئايال نائىلاج چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە

كەلدى . ئىشىكنى ئېچىپ ئېخىچە قىزىنىڭ « سۇ » دەپ نالە قى-
لىۋاتقىنىنى كۆردى . ئۇ چېلەكنى سىڭايان قىلدى ، چىنىگە بىر
نەچچە تامچا سۇ چۈشتى . ئايال چىنىنى بالىنىڭ لەۋلىرىگە ئەپ-
كەلدى ، ئۇساپ كەتكەن بالا ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۇنى
يۇتتى .
بالىنىڭ يىغىسى پەسەيگىنىنى تىلىنى تامشىپ ئۇيقۇغا
كەتكىنىنى كۆرۈپ ئانا بايىقى دىشۋارچىلىقلارنى ئېسىدىن چى-
قاردى .

1992 - يىلى

## ئۇنىڭ كۆڭلى

تاڭ ئاقۇچ نۇرلىرى بىلەن دېرىزىنى سۇزۇلدۇردى، ئايال چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. دەماللىققا قەيەردە ياتقىنىنى بىلمىگەندەك دېرىزىگە چەكچىيىپ قارىدى. ياستۇق ئاستىنى سىيپاشتۇرۇپ فوسفورلۇق سائىتىنى تېپىپ سىنچىلاپ قارىدى. سائەت ستىرېلكىسى بەشكە ئون مىنۇت قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

«يەنە ئون مىنۇت باركەن، ئازراق كۆز يۇمۇۋالاي» ئەمما ئون مىنۇت قالدى دېگەن خىيال كاللىسىنى ئىگىلەپ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى. ئۇ ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى، ئەسنىدى، كېرىلدى، ساپما كەشىنى ئىزدەپ پۇتى بىلەن يەرنى سىيپاشتۇرۇپ ئۇنى كارىۋاتنىڭ تېگىگە كىرگۈزىۋەتتى. ئېڭىشىپ ساپما كەشىنى كارىۋات ئاستىدىن تېپىپ پۇتىغا ساپتى.

بۇ چاغدا ئۆيدىكىلەر تاتلىق ئۇيقۇنىڭ بۆشۈكىدە شېرىن چۈش كۆرۈۋاتاتتى.

يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن سۈتچى كېلىدۇ، ئۇنىڭغىچە چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇپ، سەي ـ كۆكتاتلارنى ئاقلاپ ئۈلگۈرەرمىكىن ؟ ئايال ئومۋالنىكتا يۈز ـ قوللىرىنى يۇدى، چېچىنى ئالدىراپ تارىدى، ئۇ تاراشقا ئاسان بولسۇن دەپ چاچلىرىنى قىسقا بۇدۇر قىلدۇرۇۋەتكەنىدى.

ئۇ بېشىغا ياغلىقىنى چېگىپ ئالدىغا پەشتامىنى تارتىپ خېمىرغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئۆيدىكىلەرنى ئويغىنىپ كەتمىسۇن

دەپ ئاۋايلىغانسېرى تار ئاشخانىدا پۇت ياكى قولى ھە دېسلا بىر نەرسىلەرگە تېگىپ كېتىپ تاراڭلىغان ئاۋاز چىقىراتتى. قېرىشقاندەك جەينىكى ساپلىققا تېگىپ كەتتى، ساپلىق يەرگە چۈشۈپ سۇ پۇتلىرىغا تۆكۈلدى، ساپلىقنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازى ئاشخانىنى بېشىغا كىيدى، ئايال خېمىرنى چەيلەشتىن توختاپ تۇرۇپ قالدى.

خۇدايا شۈكرى ئۆيدىكىلەر ئويغانماپتۇ، ئۇ ئالدىراپ سائەتكە كۆز تاشلىدى. سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى بەشتىن 30 مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئاپلا، سۈتچى كېلىپ قاپتۇ، قېلىنراق كىيىنىۋېلىش كېرەك ئىدى. ئاڭغىچە سۈتچى كېتىپ قالىدۇ، بوپتۇ، ئەتە قېلىنراق كىيىنىپ چىقار.

ئۇ يۇگۈرگىنىچە چىقىپ سۈتنى ئېلىپ كىردى. كورىغا قۇيۇپ گاز ئوچاقنى ياقتى. سۈت دېگەن شەيتاندەك نەرسە، قاراپ تۇرساڭ قاينىمايلا كېتىدۇ، كۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ باشقا نەرسىگە قارىدىڭمۇ بولدى تاشىدۇ، توختاتقىلىمۇ بولمايدۇ، ئالدىراپ تۇرغاندا مۇشۇ سۈت ئادەمگە ئەجەبمۇ كاشىلا قىلىدۇ، بۇ ئەتىۋارلىق «زەمزەم» نى ئىچمىسە تېخى، سۈت قايىندى، ئايال ئالدىراپ ساپلىقنى ئالدى. ئاپلا سائەت ئالتە بولۇپ قاپتۇ، بالىلارنى ئويغىتىۋەتسۇنمىكىن ياكى يەنە ئازراق ئۇخلىۋالسۇنمىكىن.

ئۇ ئالدىراپ بالىلار ياتقان ئۆيگە كىردى، بالىلارنى ئويغىتاي دەپ كىرگەن ئادەم ئۇلارنىڭ يوتقىنىنى تۈزىدى، پۇت – قوللىرىنى يوتقان ئىچىگە يۆگىدى. توۋا، دۇنيادىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى يوتقاندىن پۇت – قولىنى چىقىرىپ ئۇخلامدىكىن، يېزىلغان رومان – كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە ئانىسى بالىسىنىڭ يوتقىنىنى تۈزىدى، ياپتى دېگەن تەسۋىرلەر بار. ئۇ يەنە سائەتكە

قارىدى ، سائەت ئىستىرېلكىسى ئالتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكىنىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئاپلا ، باللارنى ئويغىتىۋەتمىگىنىم نېمىسى ، ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇچە ئون نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كېتىدۇ .

ئۇ باللارنىڭ بېشىنى سىيلىدى ، ئۇلارنىڭ باللارغا خاس شېرىن ھىد كېلىپ تۇرغان بويۇن ، مەيدىلىرىنى پۇرىدى ، قور-ساقلىرىغا سۆيدى . ئۇلار كۆزلىرىنى ئاچمايلا ئانىسىنىڭ بويىندىن قۇچاقلىدى ، ئانىنىڭ بويىغا شېرىن سېزىم تاراپ گويا شېرىن مەي ئىچىپ مەست بولغاندەك يايرىدى . ئۇ باللىرىنى ئويغاتتى . باللار ئالدىراپ چېيىنى ئىچىۋاتقاندا ئۇ ئۇلارغا زوق بىلەن باقتى . سومكىلىرىغا ئۇلار ئاخشام تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئۈستەلدە قېپقالغان دەپتەر - كىتابلىرىنى تىقتى ، قەلەملىرىنى سالدى . بىر نەچچە تالدىن ياڭاق ، كەمپۈت ، بىر پارچىدىن نان سېلىشنى ئۇنتۇمى-دى .

سائەت يەتتە بولدى ، ئۇ ئۆيدە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ تۇرغان باللىرىنى ئالدىرىتىپ ئېلىپ چىقتى . باللار مەكتەپكە ماڭدى ، ئۇ زاۋۇتقا ماڭدى . ئۇ ئۈچ يەردە ئاپتوبۇس ئالمىشىپ ئاندىن زاۋۇتقا يېتىپ باراتتى . چۈشتە يەنە شۇنچە يەردە ئاپتو-بۇس ئالمىشىپ ئۆيگە قايتىپ چۈشلۈك تاماق ئېتىدۇ . باللارنىڭ تامىقىنى بېرىپ ، ئاغزىغا بىر قوشۇق ئاش كىرە - كىرمەيلا ۋاقىت توشىدۇ . ئۇ يەنە ئالدىراپ ئىشقا ماڭىدۇ . ئۇ ھەممە ئىشچىلاردەك توپتوغرا سەككىز سائەت ئىستانوك ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئىشلەيدۇ ، ھەر يوغان تۆمۈرلەرنى كۆتۈرىدۇ . بىر ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆ-تۈرگەن گەۋدىگە بۇ تۆمۈرلەرنى كۆتۈرۈش ھېچ گەپ ئەمەس . ئۇنىڭ نازۇك گەۋدىسى شۇنداق چىداملىق . كەچتە ئۇ ئادەم مى-غىلداپ كەتكەن بېكەتلەردە قىستىلىپ ، قىستاپ ، دەسسىلىپ ،

دەسسەپ يۈرۈپ ئۆيگە قايتىدۇ .

كەچلىك غىزا ئۈچۈن يەنە ئازراق سەي قورۇپ چاي تەيـيارلايدۇ ، جوزىغا داستىخان سېلىۋاتقاندا باللار دادىسى بىلەن ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولىدۇ . ئۇ چېيىنى قولىغا ئېلىپ تېلېۋىزورغا قارايدۇ . ئۇنىڭدا قايسى بىر كىنونىڭ بىر قانداق كۆرۈنۈشى قويۇلۇۋاتقان بولىدۇ . ئۇ ھېچقاچان تېلېۋىزوردا قويۇلغان كىنو ياكى خەۋەرلەرنىڭ باش ـ ئايىغىنى تولۇق كۆرۈپ باقمىغان . شۇڭا ئۇ ھەرقانچە دىققەت قىلسىمۇ كىنو ۋەقەلىكىگە چۈكۈپ كېتەلمەيدۇ . باللىرىدىن « ئاۋۇ كىم ؟ » ، « ماۋۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟ » دەپ سورايدۇ . باللارنىڭ بولسا كۆزى كىـنودا ، ئاغزى چايدا بولغاچقا تۇزۇك جاۋاب بېرەلمەي ئۇنى تېرىكـتۈرىدۇ . ئۇمۇ تېلېۋىزوردىن ھېچ مەززە ئالالماي ئاستا ساپاغا قىيسىيىدۇ ، كۆزى قاچان ئېلىنىپ قالغىنىنى تۇيمايدۇ ، بىر چاغدا باللىرى ئۇنى تۇرتۇپ : « ئاپا ، ئاپا ، قوپ » دەيدۇ . ئېرى بولسا جىددىي قىلىپ « ئانىسى ، ئانىسى ، ئورۇن سال » دەيدۇ .

ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئېچىپ تېلېۋىزورغا قارايدۇ ۋە جۆيلىگەندەك قىلىپ :

— كىنو قېنى ، ھېلىقى قىز بالا نەگە كەتتى ، — دەيدۇ .

بالىلىرى كۈلىدۇ . ئېرى كۈلىدۇ ، ئۇمۇ كۈلىدۇ ، ئورنىـدىن تۇرۇپ نېرىقى ئۆيگە چىقىپ ئورۇن سېلىشقا باشلايدۇ . ئۇنىڭ كۈنلىرى مۇشۇنداق ئۆتىدۇ .

1992 ـ يىلى

# سەھەردە كۆرگەن چۈش

ئايال ئۇزۇن يللار چەت جايدا ئشلەپ پېنسيىگە چقتى ـــ دە ، بۇ يل شەھەرگە قايتپ كەلدى . ئۇ شەھەرنڭ دەرەخزارلق چوڭ كوچسدا ، ۋېلسپتكە تايانغننچە ئۆزگە سەپسلپ قاراپ تۇرغان ئەركشنى كۆرۈپ دەسلەپ ئرەن قلمدى ، لېكن ئۇنڭ قوشۇما قېشى بلەن قارا كۆزلرى كم- ندۇر ئېسگە سالغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزگە كەلدى .

سەھەر پەيتدە كۆرگەن چۈش ، بۇنڭدن ئوتتۇز يل بۇرۇن سەھەر پەيتدە كۆرگەن بر چۈش ئۇنڭ ئېسگە بارلق ئنچكە تەپسلاتلرى بلەن كەلدى . ئۇ ئۆز ئۆمردە ئويغاق پەيتدن باشقا چاغلاردا نۇرغۇن چۈشلەرنى كۆرگەندى . لېكن بۇ چۈشلەرنڭ هېچقايسسنى ئېسدە ساقلاپ قالالمدى .

بۇ چۈشمۇ ئادەتتكچە چۈش بولۇپ هەركۈنى كۆردغان چۈشلردن ئۇنچە پەرقلەنمەيتتى . لېكن ، مۇشۇ چۈش ئۇنڭ تەقدردن بېشارەت بەرگەندەك بولدى . ئۇ بۇ چۈشنڭ ئەبەدي ئېسدە ساقلنپ قېلشنى نەدن بلسۇن .

ئۇ ئۈستدكى ئاق خالات ۋە جڭگل چاچلرنى بېسپ تۇرغان باشنكنى ئشكاپقا تقتى . سۆسۈن قاتلاق يوپكا ۋە كوپتسى ئۇنڭ ئاق ئالمدەك چرايلق هۆسننى ئاجايپ جاز- بدار قلپ تۇراتتى . ئۇ پارقراق سومكسنى بېلكگە ئېسپ

ئىشتىن چۈشەي دەپ مېڭىشىغا ئىشكتىن كىرگەن بىرى ئۇنى تـوختاشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ كىشى ئاق يۈزلۈك قاپقارا قوشۇما قاشلىرى قارا كۆزلىرى ئۆزىگە ياراشقان 26 ياشلاردىكى يىگىت بولۇپ مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ۋىراچى ئىدى.

قىز خىزمەتكە چىققىنىغا ئۈچ ئاي بولاي دېدى. يىگىتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرگىنىگىمۇ ئۈچ ئاي بولاي دېدى. بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش دېگەن شۇ بولسا كېرەك. قىز رەسمىيەتلىرىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىغا «بىسمىللا» دەپ دەسسىگەن كۈنى مۇشۇ ياش دوختۇرغا ئۇچراشقان ۋە شۇ يىگىتنىڭ يولباشلامچىلىقىدا بارلىق رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى بۆلۈمىگە ئورۇنلاشقانىدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار گويا كونا تونۇشلاردەك بىر - بىرىگە ئىجىل بولۇشۇپ قالدى، كارىدورلاردا، دوختۇرخانىنىڭ دەرەخزارلىق قورۇلىرىدا بىر - بىرىنى كۆرسىمۇ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەيدىغان، كەچلىرى تانسا، كىنولارغا بىللە بارىدىغان بولۇشتى.

سېستىرا ئاياللار بەك ئۇزۇن قۇلاق ھەم ھوشيار كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە توي مۇشۇ كۈزدە بولارمىش.

بۈگۈن قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى ئىدى، يىگىت بىلەن قىز ئىچكى بۆلۈمنىڭ كارىدورىدىن بىللە چىقىشتى. دەرەخزارلىق يولدا كېتىۋېتىپ يىگىت قىزنىڭ يۇمران قوللىرىغا بىر نەرسىنى تۇتقۇزدى. قىز ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ دەررۇ ئالىقىنىنى ئاچتى. بۇ بىرلىيانت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك ئىدى، بۇ قىممەت باھالىق نەرسە قاراڭغۇ دەرەخزارلىق ئارىسىدىمۇ جۇلالاپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە؟ - دېدى قىز چۆچۈپ.

— مومامدىن قالغان تەۋەررۈك ئىدى، سىزگە... سىز-

نىڭ ھېيتىڭىزنى مۇبارەكلەپ . . .

— ھېيت ئەتىغۇ .

— ھە ، بۈگۈن نامازدىگەردىن باشلاپ ھېيتقا ھېساب ئە-مەسمۇ گۆھىرىم .

قىز قىزىرىپ كەتتى . قولىدىكى ئۈزۈكنى قۇتىسىغا سېلىپ سومكىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا يوشۇردى .

— ئەتە شەھەر مەركىزىدىكى گۈللۈكتە ساقلايمەن ، ئە-تىگەن سائەت توققۇزدا كېلىمەن ، سىزمۇ شۇ يەرگە كېلىڭ ھە .

— نېمە ئىش قىلىمىز ؟

— بىزنىڭكىگە بارىمىز . ھېيت پەتىسى قىلىپ . . .

قىز يىگىتنىڭ بىر كۈنى مۇشۇنداق تەكلىپ قىلىدىغىنى-نى ، ئۆزىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ شەھەردىكى داڭدار ئائىلىنىڭ ئا-دىمى بولىدىغىنىنى ئويلىسا سۈر بېسىپ كېتەتتى ، نەچچە ۋاقىت-تىن بېرى يىگىتنىڭ نۇرغۇن تەكلىپلىرىنى مانا ، ئەنە دەپ كەي-نىگە سۈرۈپ كېلىۋاتقىنى شۇ سەۋەبتىن ئىدى ، سېستىرا ئاياللار-نىڭ دېيىشىچە بۇ ئائىلە قەدىمدىن باي ئائىلە بولۇپ ئۇلار ھەم مۈلۈك ئىگىلىگەن ھەم ھوقۇق ئىگىلىگەن كاتتا كىشىلەر ئىدى ، ھازىر ئۇلارنىڭ باي ھوقۇقدار بوۋىسى ئۆلگىنىگە يېرىم ئەسىر ، ئاتىسى ئۆلگىنىگە 20 يىل بولاي دېگەن . ئۇنىڭ ئاكا ـ ئىنى ، ئىگىچە ـ سىڭىللىرىنىڭ ئىلكى تۈگەپ قۇرۇق ئۇستخىنى قالغان بولسىمۇ شەھەردىكى خان جەمەتلىرىدىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بو-لۇشۇپ خان جەمەتى ئاتىلىپ بۇ شەھەرنىڭ ئالىي تەبىقىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى ، يىگىت ئاشۇ بۈزرۈكۋار خانىنىڭ نەۋرە قى-زىنىڭ ئوغلى ئىدى .

يىگىتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولۇپمۇ ئانىسى گەرچە ئۇلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ

كەتكەن ، قۇرۇق ناملا قالغان بولسمۇ لېكىن ئوغۇل ـ قىزلىرى ، نەۋرىلىرى ئۆيلىنىدىغان بولسا چوقۇم قۇدا ـ باجا بولغۇچىنىڭ نەسەبىنى سۈرۈشتۈرەتتى . قىز مانا مۇشۇ ئىشتىن قورقاتتى .
قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خان جەمەتى ئەمەس ئىدى . لېكىن ، نامرات كىشىلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى . ئۆز ئەمگىكى ، ئەقىل ـ پاراستى بىلەن تۇرمۇشنى بېيتقان ، باللىرىنى ئوقۇتۇپ ھەممىسىنى ئالىي مەلۇماتقا ئىگە قىلغان ، ھاتەمدەك سېخىيلىقى بىلەن ھال كۆنى ناچارلارغا ياردەم بېرىپ يۇرتتا ھۆسەن سېخىي دەپ نام ئالغان كىشى ئىدى .
— بارمىسام نېمە بولىدۇ ، — دېدى قىز تارتىنغاندەك قىزىرىپ .
— ھېيت ئەمەسمۇ ، پەتە قىلىسىز ، ئانامنىڭمۇ سىزنى بىر كۆرگۈسى بار . ئاندىن مەن سىزنىڭكىگە ، بولغۇسى قېيناتامنىڭكىگە بارىمەن .
قىز ئىزا تارتىپ ئۇنىنى چىقارماي مىڭشۆردى .
— شۇنداق بولسۇن ھە ، — دېدى يىگىت دوختۇرخانە دەرۋازىسىدا توختاپ قىز بېشىنى ئىغاتتى .

بۈگۈن ھېيت ئىدى . قەدىمكى شەھەر جامائەسىنىڭ پەشتاقلىرىدا ناغرىلار ، سۇنايلار گۈمبۈرلەپ قۇتلۇق ھېيت كۈنىدىن خەۋەر بەردى . شەھەردە ئۇلۇغ ، ئۇششاق ھەممىسى ھېيت نامىزىدىن قايتىپ كوچىنى ھېيتلىق كىيىملىرى بىلەن رەڭگارەڭ تۇسكە كىرگۈزدى ، ھېيتگاھدا ساما قىزىپ كەتتى .
قىز بىلەن يىگىت بىردەم سامانى تاماشا قىلىشتى .قىز توق قىزىل سارجىدىن كاستۇم ـ يوپكا ، قىزىل خۇرۇم ئاياغ كىيىۋالغان بولۇپ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى .

يىگىت كۈل رەڭ سارجىدىن شىم ، كاستيۇم كىيگەن ، ساقال ــ بۇرۇتىنى پاكىز قىرغان بولسىمۇ لېكىن مەڭزى ۋە ئەڭەكلىرى كۆكۈش تاۋلىنىپ يىگىتلىكىنىڭ قىرانىغا يەتكىنىنى بىلدۈرۈپ كۆكۈش جۇلالاپ تۇراتتى .

بۇ بىر جۈپلەر بىر ــ بىرىگە تازا ياراشقانىدى . ئۇلار شەھەرنىڭ شەرقىدىكى كوچىلارنىڭ بىرىگە كىردى ، بۇ جانان كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى . قايسى جاناننىڭ نامىغا قويۇلغان كوچا ئىدىكىن ، قەدەمدە بىر دەرۋازا ئۇچرايتتى . دەرۋازىنىڭ دالانلىرىدا كىشىلەر ھېيت ئالدىراشلىقى ، قوي ئۆلتۈرۈۋاتقان ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ھەلەك ئىدى ، ئۇلار نۇرغۇن چوڭ ــ كىچىك دەرۋازىلاردىن ، ئەگىملەردىن ئۆتۈپ چوڭ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى . بۇ دەرۋازا بۇ تار كوچىدا خۇددى ئۇرۇق قويغا يوغان مۈڭگۈز ياراشمىغاندەك قەد كېرىپ كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى .

قىز دەرۋازا ئالدىدا بىردەم ئەيمىنىپ كىرەلمەي تۇرۇپ قالدى ، يىگىتنىڭ قىستىشى بىلەن ھويلىغا ئاران كىردى .

ھويلىغا چاسا خىشلار ياتقۇزۇلغان ، ئىككى ئۈچ يەردە گۈللۈك ، گۈللۈكلەردە ئەتىر ، رەيھان گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ، پېشايۋاننىڭ چۆرىسىدىكى گۈل تەشتەكلىرىدە قىممەت باھالىق قىشلىق گۈللەر جۇلالاپ تۇرغانىدى . قىزنى رەڭدار قەپەزلەردىكى تورغاي ، تومۇچۇق ، شاتۇتىلار جەلپ قىلىۋالدى . قىز ئېسىنى يىغقاندا يىگىت قايسىدۇر بىر ئۆيگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ ئۇ قورۇدىكى ئىشىكلەرنىڭ قايسى بىرىگە كىرىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى .

شۇ ئارىلىقتا خان ئەتلەس كۆڭلەك ، دۇخاۋا كەمزۇل ، ئېگىز پاشنا ئامېرىكان تۇپلەي كىيگەن بىر خېنىم بىلەك ، بويۇنلىرىدىكى ئالتۇن زۇننار ، ئالتۇن بىلەزۈك ، بارماقلىرىدىكى تىللا

ئۈزۈك ، بىرلىيانت ئۈزۈكلىرىنى كۈن نۇرىدا چاقنىتىپ چىقىپ
كەلدى . خېنىم قويۇق سۈرمە تارتىلغان كۆزلىرى بىلەن سېخىي
نەزىرىنى قىزغا ئاغدۇردى ، تىنچلىق سوراشتى . دەمدەك ئۇسما
قويۇلغان قاشلىرىنى ئوق يىلاندەك مىدىرلىتىپ ، نەزىرىنى ھويلىغا
چىقىپ كەلگەن ئىنىسىغا قاراتتى . كېيىن قىزنى تۆردىكى ئى-
شىككە باشلىدى ، قىز تاشقىرىقى ھويلا ، ئىچكەركى ھويلا ، ئارا
ھويلىدىن ئۆتۈپ چوڭ ـ كىچىك ، ئوتتۇرانچى خېنىملار ، ھامما
خېنىملار ، خانئاچا ، خان قىزلار بىلەن كۆرۈشۈپ دىدارلاشتى .
جىددىيلەشكىنىدىن تەرلەپ تەپچىرىدى ، ئاخىرىدا چوڭ مېھمان-
خانىغا چۆرىدەپ سىلىنغان تەتىللا كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپ خان ئا-
نىنىڭ ھەمراھلىقىدا داستىخانغا ئىلتىپات قىلدى .

خان ئانا ئابلىكىمنىڭ ئانىسى بولۇپ يېشى ئاتمىشلاردىن
ئاشقىنىغا قارىماي 45 ياشلاردا كۆرۈنەتتى . ئۈستىدىكى دۇخاۋا
كەمزۇل ، خان ئەتلەس كۆڭلەك ، قەمرۇت رومال ، ئالتۇن جاب-
دۇقلىرىنىڭ پۇزۇرلۇقى بىلەن بايا قىزغا روبىرو بولغان ياش خې-
نىمدىن قېلىشمايتتى . خان ئانا ناھايىتى سۈلكەتلىك ئىدى ، كې-
لىن خېنىملاردىن بىرى پەتنۇستا چىنە چەينەك ۋە پىيالە ئېلىپ
كىردى . پاكىز يۇيۇلغان پىيالىنى چاي بىلەن يەنە بىر قۇر چاي-
قاپ ، چىمچىلىقىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ خان ئانىغا ئاندىن كېيىن
قىزغا چاي تۇتتى . ناۋات سالغان بولدى . مەزەگە تەكلىپ
قىلدى .

داستىخاندا ساڭزا ، قۇيماق ، سامسا ، سامبۇسا ، ئالما ،
مۇراببا ، بادام ، پىستە ، كۆك يىمىش ، چىلانلاردىن تارتىپ ھەتتا
ھەرەمنىڭ خورمىلىرىغىچە تېپىلاتتى .

خان ئانا قىزغا تىكىلەتتى ، گويا ئۇنىڭ ھۆسنى ـ جاما-
لىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى . قىز بولسا يالاڭغىداق قوقاس كەچ-

كەندەك بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغانىدى ، ئۈنىڭ ئۈستىگە تار يوپكىسى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا قاملىشالماي قىينىلاتتى . دەسلەپتە ، پارتىدا كېيىن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ كەتكەن پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قېلىپ بىئارام قىلاتتى .

خان ئانا قىزنىڭ جامالىدىن قۇسۇر تاپالمىغاندىن كېيىن قىزدىن ئاسماقچىلاپ سوئال سوراشقا چۈشتى .

— قىزىم ، سىز قەيەردىن ، كىمنىڭ بالىسى ؟

— ئۆيىمىز ئۆستەڭ بويىدا ، دادامنى خەقلەر هۆسەن سېخىي دەيدۇ .

— هە ، بىلدىم قىزىم ، دادىڭىز بىر زامانلاردا پۇل كەچكەن ئادەم . هىم ، پۇل دېگەن ئۇچۇرما قۇش . ئۇنى ئوبدان تۇتمىسا قولدا تۇرمايدۇ . ئەگەر هۆسەن ئاخۇن پۇلنى دوست تۇتقان بولسا ئالتۇندىن بوسۇغا ياساتقان ، نەچچە يەردە قەسىر سالغان بولاتتى . نەدىكى يېتىم ـ يېسىر ، قەلەندەرلەرنى يۆلەيمەن دەپ دەسمايىسىنىمۇ سېلىپ بەرگەن .

دەسلەپتە قىز ، دادامنىڭ ئەهۋالىنى ئەجەب پىششىق بىلىدىكەنغۇ . بىكار قورقۇپتىمەن ، ياراتمامدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن دېگەن خىياللارنى قىلدى . كېيىن خان ئانىنىڭ ئۇنىڭ دادىسىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ ئاندىن كېيىن يەرگە ئۇرغىنىنى چۈشەنگەندە خان ئانا سۆهبەتنى يىغىشتۇرۇپ قىزنى هاكاۋۇر كېلىن ئاغىچىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتكەنىدى . قىز بىر يۇتۇممۇ چاي ئىچەلمىدى ، بىرەر تال قەنت ـ گېزەكنىمۇ تۇتۇپ باقمىدى . ئابلىكىممۇ قىزنى خېنىملارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ نەگىدۇر يوقالغانىدى . ئەرلەر ئايالارغا روبىرو بولمايدىغان ئىش بۇ ئائىلىنىڭ قائىدىسى ئىكەنلىكىنى قىز نەدىن بىلسۇن . ئابلىكىمنى ئىزدەپ قىزنىڭ كۆزلىرى مۈشۈك سائەتنىڭ ماياتنىكىدەك

ھەرتەرەپكە بىكار ئالاڭلاپ قارايتتى .

ھېيت پەتىسى ئاياغلاشتى . ئاتىكاچا كېلىن ئاغىچا قىزنى مېھمانخانىنىڭ پەلەمپىيىگىچە ئۇزىتىپ چىقتى . ئۇنىڭ نىېرىسىغا بولسا مۇشۇ ئۆيىنىڭ كەمبەغەل تۇغقىنىمىكىن ياكى خىزمەتكارىمىكىن ئوتتۇراھال كىيىنگەن بىر ئايال ئۇزىتىپ قويدى .

قىز تار كوچىغا چىقىپ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى . كېيىن بىر كىچىك بالىنى بۇ كوچىنىڭ ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتلىرىدەك ئىجىر - مىجىر بۇرۇلۇشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشى ئۈچۈن 1 يۈەن بېرىپ يول باشلىغۇچى قىلىۋالدى .

قىزنى يىغا تۇتتى ، سەھەردە كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىدى ، چۈشىدە بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈكنىڭ كۆزى ئاجراپ توپىغا چۈشۈپ كېتىپ ئۇنى تاپالمىغانىدى ، چۈشىدىن قىز يىغلاپ ئۆكسۈپ ئويغىنىپ كەتتى . ھازىرمۇ ئۇ ئۈمچىيىپ يىغلىۋەتتى ، خۇداغا شۈكرى ئۇنىڭ ئۈنسىز يىغلىرىنى بۇ قاراڭغۇ كوچىدا ھېچكىم كۆرمىدى . قىز ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغىنىنى باشتىلا كۆڭلى تۇيغان ، لېكىن كۆڭۈل تۇيسىمۇ ، يۈرەك ئۆز ئىشىنى قىلىپ قىزنى ئىشق تورىغا بىكاردىن بىكار ئىلىنىدۇرۇپ قويغانىدى ، قىز قورۇدىن چىقىۋېتىپ ئاخىرقى قېتىم قەپەسدىكى شاتۇتىغا نەزەر تاشلىغانىدى ، شاتۇتى گوياكى قەپەسدىن ، تاملىرى ئېگىز ھويلىدىن قانداق چىقىشنى بىلمىگەندەك قونىدىقىدا خىيال بىلەن تۇرۇپ خىيال بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى .

بۇ چاغدا يىگىت شۇ سۆلەتلىك قامىتى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىزنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ روھى گويا ۋۇجۇدىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بېشى بارغانسېرى يەرگە ئېگىشتى .

قىز چوڭ كوچىغا چىقىپ ئاخىرقى رەت بۇ تار كوچىغا

قارىدى. قەپەسدىكى شاتۇتىنى يەنە بىر رەت كۆز ئالدىغا كەل-
تۈردى. كەڭ كوچىغا چىققاندىن كېيىن بايا سىقىلغان يۈرىكى
سەل بوشىغاندەك، تەنلىرى كەڭرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.
قىزنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا يىگىت قىزغا يېتىشىۋالدى. قىز بىر
تۈگۈچنى يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ھويلىسىغا كىرىپ
كەتتى.

يىگىت بىر جۈپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن قول ياغلىقنى
ئاچتى. ئىچىدە تۈنۈگۈن ئۆزى قىزغا بەرگەن بىرىلىيانت كۆزلۈك
ئۈزۈك تۇراتتى.

1992 ـ يىلى

# ئادەم بولماق تەس

ھاجىگۈل سوتنىڭ ئاجرىشىش قەغىزىگە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قول قويدى، تامغىلار بېسىلغان قىزىل نىكاھ قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاپئاق ئاجرىشىش قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنى سومكىسىغا پۈرلەپ تىقىپ ئىشىككە ماڭدى، ئۇ خۇددى قارىغۇ ھاسىسىز يول ماڭغاندەك تەمتىرەپ مۈدۈرۈپ يولدا كېتىۋاتاتتى. ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغا گېلىنى بوغۇپ نەپەس ئالدۇرمايتتى. ئۇ 20 يىل ئۆي تۇتقان ئېرىنىڭ يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭغا مۇنداق ئەلەم قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇنقى بەرنا، گۈزەل چاغلىرى كەلدى.

ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى يەلكىسىگە تاشلاپ گىلەم تاشكەنت دوپپىسىنى كىيىپ بىر قىزچاق مەكتەپتىن كېلىۋاتاتتى. بۇ قىز ھاجىگۈل ئىدى. ھاجىگۈل ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىدا تۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ ئەجەبلەنمىدى، بۇ يىگىت ھەپتىدىن بېرى ھەر كۈنى كەچتە ئېرىقنىڭ بويىدا قاراڭغۇ چۈشكىچە تۇراتتى، ئوتلۇق كۆزلىرى، ئەمدىلا خەت تارتقان چىرايلىق بۇرۇتلىرى بىلەن كىشىنى بىر قاراشقا مەجبۇر قىلىدىغان يىگىت ھاجىگۈل ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن كېتەتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن داستىخان كۆتۈرگەن ئەلچىلەر كېلىشىپ مەسلىھەتمۇ پىشتى. بىر ئايدىن كېيىن توي بولدى، كۈيۆ يىگىت بايىقى يىگىت ئىدى، ھاجىگۈل ئۆزىنىڭ مۇنداق بەختىدىن

سۆيۈندى . ئېرىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ ئىدى ، ئۇ رىۋايەتتىكى يۈ-
سۈپتەك چىرايلىق ، ھاجىگۈل ئۇنىڭغا زۇلەيخادەك ئاشىق ئىدى .

ئۈچىنچى بالىنى تۇغۇپ ئورنىدىن قوپقاندىن كېيىن ھا-
جىگۈل قېيىنانىسىنىڭ يۇرتىدىن ئەۋەتكەن ئون سەككىز - يى-
گىرمە ياشلاردىكى ياش تەربىيىچى چوكانغا ئۆيىنى ۋە ئۈچ بالىنى
تاپشۇرۇپ شەھەردىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەكتەپكە
خىزمەتكە بارىدىغان بولدى ، ئارىلىقى يىراق بولغانلىقتىن چۈشتە
ئۆيگە قايتالمايتتى . كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەلگىنىدە
قازان قايناۋاتقان ، ئۆيلەر بېسىقتۇرۇلغان بولاتتى ، تەربىيىچى
چوكان رەشىدىيە بەك چاققان ، ئىشچان پاكىز ئىدى ، بالىغىمۇ
بەك كۆيۈنەتتى . ھېلىدىن - ھېلىغا سۆيۈپ - يالاپ كېتەتتى ،
ھاجىگۈل ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك چىۋەر بۇ چوكانغا
ھېرىس بولۇپ قالدى ، بالىلىرىمۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى .

چۈشلۈك ئۇيقۇدىن تۇرغان يۈسۈپ شىم - كۆڭلەكلىرىگە
دەزمال سېلىپ ئورۇندۇقتا ئارتىپ قويغىنىنى كۆردى ، پارقىرىتىپ
مايلانغان ئايىغى ساپما كەشىنىڭ يېنىدا جۈپلىشىپ تۇراتتى .

يۈسۈپ بۇ ئىلتىپاتتىن بەكمۇ مەمنۇن بولدى ، خوتۇنى
ھەركۈنى كەچقۇرۇن يېزا مەكتىپىدىن ۋېلىسىپىت بىلەن يۈز -
كۆزلىرى توپا ، ھېرىپ - ئېچىپ قايتاتتى ، ئۇ يۈز - كۆزلىرىنى
يۇيۇپلا تاماققا ئولتۇراتتى . تاماقتىن كېيىن يەنە تاپشۇرۇق تەك-
شۈرىمەن ، كانسىپېك تۈزىمەن دەپ يېرىم كېچىگىچە ئۈستەلگە
مۆكچىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بىكار بولۇشىنى ، ئۆزى بىلەن
بىردەم مۇڭدىشىپ بىللە ئولتۇرۇشنى يۈسۈپ شۇنچە ئارزۇ قىلى-
سىمۇ ، لېكىن خوتۇنى تېلېۋىزور تۈگەپ ئەلياتقۇغىچە بىكار بول-
مايتتى .

يۈسۈپ تېلېۋىزورنى دەسلەپ باللىرى بىلەن ، باللىرى يېتىپ قالغاندىن كېيىن رەشىدىيە بىلەن بىللە كۆرىدىغان بول-دى . رەشىدىيە ئۇنىڭ گەپ خۇمارلىقىنى ، مۇڭداشقاقلىقىنى بى-لىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەك چۈشى-نەتتى .

چايغا ئامراقلىقىنى ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ بىر چايدان چاينى ئىچىپ بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ ، چاينى دەملەپ ، پىيالىگە قۇيۇپ يۈسۈپكە تۇتاتتى . يۈسۈپ تېلېۋىزور كۆرۈپ بو-لۇپ رەشىدىيەنىڭ سېلىپ قويغان ئورنىغا كىرىپ يېتىپ خىيال سۈرىدىغان بولدى . خىيالىغا تولا يول يۈرۈپ ئورۇقلاپ كەتكەن خوتۇنى ئەمەس ئاپئاق بولماقتەك سەمرىپ ، كۈندىن ـ كۈنگە تولۇۋاتقان رەشىدىيە كېلىۋالىدىغان بولدى .

يېرىم كېچىدە بالا ئېمىتىشكە قوپقان ھاجىگۈل باللارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن چىراغنى ياقمىدى ، غۇۋا يورۇقتا ئۇ مېھمانخانىدىن ئاپئاق كىيىنگەن بىرىنىڭ غىپپىدە چىقىپ ئاشخا-نىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيگە ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئە-جەبلەندى ، بۇ يېرىم كېچىدە مېھمانخانىدىن چىققان كىمدۇ ، يۈسۈپ ئەمەستۇ .

ھاجىگۈل يۈتىنىڭ ئۈچىدا شىپقاپ مېڭىپ يۈسۈپ ياتقان ئۆيگە ، مېھمانخانىغا كىردى ، يۈسۈپ يازدىن بېرى بالا يىغلاپ ئۇخلاتمايدىكەن دەپ مېھمانخانىدا يېتىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ساپادا ياتاتتى ، دېمەك بۇ ئۆيدىن ھېلى چىقىپ كەتكىنى باللىرىنىڭ تەربىيىچىسى رەشىدىيە ئىكەن ـ دە ، دەھشەتلىك گۇمان ھاجى-گۈلنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇشقا تاس قالدى . ئۇنىڭ يۈرىكى خور-لۇق ، ئەلەمدىن قوقاستا پۇچۇلانغاندەك ئېچىشىپ كەتتى .

ئۆيدە جېدەل بېسقمايدىغان بولدى ، جېدەلگە تۇترۇق بولۇۋاتقان رەشىدىيەنىڭ بۇ ئۆيدىن چىققۇسى ، يۇسۇپنىڭ ئۇنى بۇ ئۆيدىن چىقارغۇسى كەلمىدى .

— بۇ ئۆيدە يا ئۇ تۇرىدۇ ، يا مەن . . . دەيتتى ھاجىگۇل تارام ـ تارام ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ .

— سەن خوتۇن بولۇپ باللارغا ، ماڭا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلدۇڭ ، رەشىدىيە بۇ ئۆيدىن كەتمەيدۇ . تۇرغۇڭ كەلمىسە ئۆيـ دىن سەن چىق .

جېدەلنىڭ كولمىناتسىيىسى يوقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ئاسان ھەل بولدى . ئۆيدىن رەشىدىيە ئەمەس ھاجىگۇل قۇچاقـ تىكى بالىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا بىرەرسىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ ئالدىراپ يۈگۈرگەندەك كېتىۋاتقان ھاجىگۇل پېشىگە ئېسىلىۋالغان باللىرىغا قاراپ ئەجەبلەندى :

— سىلەر داداڭلار بىلەن قالىدىغان بولغانىغۇ ؟

— ياق ، بىز سەن بىلەن كېتىمىز .

— بىزگە رەشىدىيە كېرەك ئەمەس ، سەن كېرەك .

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەسۇم يۈزلىرىنى يۇيـ ماقتا ئىدى .

ھاجىگۇل باللىرىنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى . ئۈچ بالا شۇ كۈنىلا ئانىسى بىلەن ئانىسىنىڭ يېزىدىكى مەكتىپىگە چىقىپ كەتتى .

1992 ـ يىلى

# گۈزەللىك قۇدرىتى

ئەتىياز ئاپتىپى قىزىتماقتا ، ئاستاچىققان شامال سېمونت يوللاردىكى چاڭ ـ توزانلارنى ئاپىرىپ كىشلەرنىڭ چاچلىرىغا ، قاش ـ كىرپىكلىرىگە ، يۈزلىرىگە ، قىسقىسى نەنى خالىسا شۇ يەرگە قوندۇرماقتا .

كىشلەر خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيگە ئالدىراشماقتا ، يولدا ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ زور بىر ئېقىننى شەكىللەندۈرگەن .

مەن يولنىڭ بۇ قېتىدىن ئۇ قېتىغا ئۆتۈش ئۈچۈن يېرىم سائەت چامىسىدا ساقلىدىم لېكىن بۇ ئېقىننى كېسىپ ئۆتۈشكە كۆزۈم يەتمەي ئۈمىدسىزلەندىم . ماشىنىلار ئېقىنى توساتتىنلا ئاستىلاپ قالدى . ماشىنا ـ ماشىنىغا ، ئاپتوبۇس ئاپتوبۇسقا ئۇ-لۇشۇپ زور بىر زەنجىر ھاسىل بولدى ، شوپۇرلار ، يولۇچىلار تىت ـ تىت بولۇشماقتا . ئۇشتۇمتۇت يول قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى . مەنمۇ كىشلەر ئارىسىغا قىستۇرۇلدۇم . قارىسام يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم ئادەم بولغاندىمۇ تازا بىر ئەبگار ئادەم سۇناي-لىنىپ ياتاتتى . ئۇ گويا ماشىنىلار كەلكۈنىنى ئۆزىلا توسۇپ يول-دىن ھېچ نەرسىنى ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغاندەك يولدا بې-شىنى شەرققە يالاڭغىداق پۇتىنى غەربكە قىلىپ توغرىسىغا ياتات-تى . ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن كىر چاچلىرى ، قاسماق باسقان يۈزلىرىنى يېپىۋالغان قاپقارا قوللىرى بېشىغا ياستۇق ئورنىدا قو-يۇلغانىدى . يېنىدا سۇلياۋ خالتىغا سېلىنغان تارشىدەك قېتىپ

كەتكەن 2 دانە موما تۇراتتى . ئۇ مەستمۇ ياكى كېسەلمۇ بۇنى بىلىپ بولمايتتى . كىيىملىرىنىڭ كىرلىكىدىن قانداق رەختتە تىكىلگەنلىكىنى بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇ ئەبگار ئادەم قورايدەك ئورۇق تۇرقى بىلەن ئېسىل ۋە پارقىراپ تۇرغان ماشىنىلارنى بىر ئۆزى توسۇپ ياتقىنىغا پەخىرلەنگەندەك بەخىرامان يولدا ياتماقتا . ماشىنىلار ، ئادەملەر ئۇنىڭغا قاراپ ساقلاپ تۇرماقتا ، كۈتمەكتە .

ئۇ قاچان تۇرۇپ يولنى بوشىتىدۇ . بۈگۈن بوشۇتامدۇ ياكى ئەتىمۇ ، بۇنى خۇدا بىلمىسە ھېكىم بىلمەيتتى .

يولدا ياشقىنا بىر ساقچى پەيدا بولدى . دەسلەپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ ۋارقىرىدى ، بىراق ئۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى . تۆگىنىڭ مازا بىلەن ئىشى بولمىغاندەك ئۇ ساقچى بىلەن كارى يوقتەك يېتىشىنى يېتىۋەردى .

ساقچى تۆت ئەتراپىغا قارىدى ، كىشىلەر كۈلۈشمەكتە ، پاراڭلاشماقتا . لېكىن ، ھېچكىم كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ ھېلىقىنىڭ پۇت ـ قولىدىن تۇتۇپ يولنىڭ چېتىگە ئاچىقىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلمىدى . ساقچى ئالدىرىدىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن يىرگەندىمۇ ئىلدام كېتىپ قالدى ۋە ماشىنىلار زەنجىرىگە قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى .

ماشىنىلار ئەمدى يولنىڭ چېتى بىلەن ئاۋايلاپ قوزغىلىشقا باشلىدى .

يىراقتىن كېلىۋاتقان ماشىنىلار گويا يولدىكى توساقنى يىمىرىپ تاشلايدىغاندەك ھەيۋەت بىلەن كېلەتتى ـ دە ، ياتقان ئادەمدىن بىر نەچچە مېتىر نېرىدا ئۇشتۇمتۇت پەسكويغا چۈشۈپ خۇددى ياۋاشلاپ قالغان توپاقتەك توختايتتى . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندە كىشىدە بىر ئەندىشە پەيدا بولاتتى ، قايسى ماشىنا ئۇ-

نىڭ مىجىقىنى چىقىراركىن دېگەن ۋەھىمە ھەممە دىلدا كېزەتتى.
لېكىن ئۇنى يولنىڭ چېتىگە چىقىرىپ قويىدىغان بىرەر ئادەم
چىقمايتتى.

بىر چاغدا، يولدا ماشىنىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قىز پەيدا بولدى، ئۇ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن ھۆر ـ پەرىدەكلا گۈزەل ۋە رەنا ئىدى. قىزنىڭ قاپقارا چاچلىرى تايچاقنىڭ يايلىسىدەك يەلكىلىرىدە يېيىلىپ تۇراتتى. قاپقارا قاشلىرى ۋە نۇرلۇق كۆز- لىرى كۆرگەن كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. قاپاقلىرىغا سۈرگەن سۈس ھاۋارەڭ گىرىم، لەۋلىرىدىكى قىزىل لەۋ سۇرۇخى ئۆزىگە ياراشقان ۋە ئاپئاق يۈزىنى جازىبىلىك قىلىۋەتكەنىدى، ئۇ زىلۋا بويىغا قارا كاستيۇم، قارا يوپكا ئىچىگە بولسا ئۆز كۆڭلىدەك ئاپئاق پوپايكا كىيىپ تازا زامانغا لايىق ياسىنىۋالغانىدى، مەن قىزنى يولنىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېتىغا ئۆتۈدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بەرنا ۋە چاققانلىقىغا زوقلاندىم.

قىز تەمكىن ھالدا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقان ھېلىقى بەندىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ئاپئاق نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىپلاسلىشىپ كەتكەن چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ بىر نېمىلەر دېدى، كىشلەر ھەيرانلىقتا بىر دەقىقە قېتىپ قېلىشتى. كېيىن غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، ياردەم قىلىش يەنە ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىدى.

قىز ئۇنىڭغا نېمە دەۋاتىدۇ، ئادەم ۋە ماشىنىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭىدا بۇنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. قىز ئاخىرى سۆزلەپ ئۇنى قايىل قىلىۋالدى بولغاي ئۇ بەندە ياتقان ئورنىدىن تۇردى. قىزغا ئەگىشىپ يولنىڭ چېتىگە چىقتى. قىز ئۇنىڭغا پورتمىنىدىن بەش يۈەن ئېلىپ ئۇزاتتى.

تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلاردىن بىرى قىزغا ھىجايدى.

— بىزمۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىۋالساق بوپتىكەن.
— ئاپئاق قولىڭىز بولغىنىپ كەتمىگەندۇ ئاپئاق قىز.
قىز قايقارا كۆزلىرىنى ئۇلارغا مىختەك قاداپ چاقچاقلارنى بېسىقتۇردى.
ماشىنىلار ئېقىمى ھەرىكەتكە كەلدى، يولنىڭ ئىككى قېتىدىكى كىشىلەر ۋە ئوتتۇرىدىكى ماشىنىلار جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى.
مەن بايىقى قىزنىڭ ئىسمىنى سورىۋالاي دەپ ئادەملەر ئارىسىغا قارىدىم. گۈزەل قىز يولدا قانداق پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز غايىب بولغانىدى.

1993 - يىلى

# دوللارچى خېنىم

پايتەخت ئايرودرومدا ئايروپىلان كۈتۈپ تۇرىمەن. ئەتراپىمدا تونۇش بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. غېرىبسىندىم. قولۇم - قوشنىلارنى خۇشال قىلىمەن دەپ سومكا - سومكىلارغا سوۋغاتلارنى ئالغىنىمغا مىڭ بىر پۇشايمان، گويا بۇنەرسىلەر شىنجاڭدا يوقتەك.

— خانىم ئۈرۈمچىگە قايتامىلا.

ئالدىمدا قاشلىرى كاماندەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، لەۋلىرىنى گىلاستەك بوياپ، ئەڭ يېڭى مودىدىكى خۇرۇم پەلتو كىيىۋالغان بىر خېنىم كۈلۈپ تۇراتتى.

— ھەئە، — دېدىم سەل تەمتىرەپ، خېنىمنى نەدىدۇ بىر يەردە كۆرگەندەك تۇرىمەن، لېكىن ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. خېنىم ئىمساھ تېرىسىدىن تىكىلگەن قىممەت باھالىق سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىر نەچچە بولاق نەرسىنى ئالدى.

— بۇنى ئالغاچ كەتكەن بولسىلا،

— نە... نەگە...

— ئۈرۈمچىگە بارىمەن دېلىغۇ، — دېدى خېنىم چىرايلىق لەۋلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئالدىلىرىغا ئادەم چىقىدۇ.

— ھە، مەن ئۇلارنى تونۇمىسام.

— ئۇلار سىلىنى تونۇيدۇ.

— ھە راست، بۇ نېمە ئۆزى؟

— پۇل.

— پۇل ؟ قانداق پۇل . بۇ سوئالنى سوراپ بولۇپ ئەخمەقانە سوئالىم ئۈچۈن كۈلگۈم كەلدى .

— قانداق بولاتتى ، خەجلەيدىغان پۇل ، قىزىل پۇل ، كۆك پۇل .

— كۆك پۇل دېگىنى ئون كويلۇق پۇلمىدۇ ياكى يۈز كويلۇقمىدۇ دېگەن خىياللار كاللامدا كەزدى . خېنىم قولىدىكى بولاقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى ، پۇلنى كىمگە تاپشۇرۇشۇمنى جىكىلەپمۇ قويمىدى . خۇددى ماڭا يوللۇق تۇتقاندەك پەرۋاسىزلىق بىلەن بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى . ئۆزۈمنىڭ يۈك - تاقلىرىنىڭ غېمىدە تۇرغاندا بۇ غەم قوشۇلدى . كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەن شۇ - دە ، خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان پەرمانبەردارلار كېتىپ قېلىشتى . پەقەت بىر يىگىتلا قېلىپ تاكى ئايروپىلان شوتىسىغىچە مېنى ئۇزىتىپ كېلىپ نەرسە - كېرەكلىرىمنى كۈتكۈچىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدى .

خەيرىيەت ، سومكا - پومكىلىرىمنى ، ماڭا ھېچقانداق ئەسقىسى يوق يوللۇقلارنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ ئايروپىلاننىڭ ئورۇندۇقىغا ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمدا تەرگە چۆمۈلگەنىدىم .

دۇنيادا قىزىقلا ئادەملەر بار . ئۆز ئىشىنىڭلا غېمىنى يەيدۇ . ئۆزى ئۈچۈن خەقلەرنى ئاۋارە قىلىشتىن قاچمايدۇ . خەقنىڭ خىيالى بىلەن ھېسابلىشىپمۇ ئولتۇرمايدۇ . بۇ خېنىممۇ شۇنداقلاردىن ئوخشايدۇ . شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى ( قارىغاندا بىر نەچچە مىڭ كويدىن كەم بولمىسا كېرەك ) ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرۇپ يا ئادرېسىمنى ياكى ئىسمىمنى سورىۋالمىغىنىغا قارىغاندا مېنىڭ ياۋاش - يۇمشاقلىقىمنى ، كىشىنىڭ ھەققىدىن ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقىدىغانلىقىمنى بىلىۋالغىنىنى قاراڭلار . ئۇمۇ تازا بىغەملەردىن بولسا كېرەك ، بۇنىڭ غېمى ئەمدى ماڭا ئۆتتى . بۇنى كىمگە

تاپشۇرىدىغىنىمنى دەپمۇ قويمىدى ، ھېچبولمىغاندا ئىسىم ـ فامىـ
لىسىنى دەپ بەرگەن ياكى چىراي شەكلىنى ئېيتىپ بەرگەن
بولسىمۇ كاشكى ، ھازىر چىقمىغان بىلەن پۇلنى جايىغا تەگكۈـ
زەلمىسەم چاتىقى چىقماي قالمايدۇ ، ئايدا بىر نەچچە يۈز كويغا
ئىشلەيدىغان مەندەك بىر كادىر بۇنداق نۇرغۇن پۇلنى نەچچە
يىلدىمۇ تۆلەپ بولالماسمەن . غېمىم بارغانسېرى ئارتىۋاتاتتى . بۇ
ئىشتىن باش تارتمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم ، پۇشايمان ، ئەندىشە
بىلەن بىر نەچچە سائەتلىك ھاۋا يولىنىڭ توگەپ ئۈرۈمچى ئايـ
رودرومىغا قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىمنى تۇيماي قاپتىمەن ، يولۇـ
چىلار يۈك ـ تاق جازىسىدىن نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئايروپىلان
شوتىسىدىن چۈشۈشكە باشلىدى . ئەڭ ئاخىرىدا مەن چۈشمەكچى
بولدۇم . سومكىلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس .
دولام ، ئىككى قولۇم ئۈزۈلەي دېدى . پۇتلىرىمنى شوتىغا قېقىپ
قويغاندەك مىدىرلاشقا ئامالسىز ئىدى . ئىككى چېكەم چىڭقىلىپ ،
جېنىم تۇمشۇقۇمدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى ، بېكەتلەردە
ھامماللارنى كۆرگەنمەن . ئۆزىدىن بەش ھەسسە ئېغىر يۈكلەرنى
كۆتۈرۈپ ، بېشى يەرگە تەگكىدەك بولۇپ ماڭىدىغان بولسا ،
يۈزلىرى كۆپچۈپ ئىششىپ خۇددى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك كۆـ
رۈنەتتى . ئۇلارنى قانداق كۆتۈرىدىغاندۇ دەپ ھەيران بولاتتىم .
بۈگۈن ئۆزۈممۇ شۇ ھامماللاردىن كەم ئەمەس ئىدىم ، مۈرە ۋە
قوللىرىمدىكى سومكا ۋە چامادانلار ئۆزۈمنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئىككى
ھەسسە ئارتۇق ئىدى ، ئايروپىلاننىڭ يۈك ساقلاش ئامبىرىغا تاپـ
شۇرۇلغان نەرسىلەرچۇ تېخى .

يالغۇز شۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە چىققىنىمغا ، كۆڭۈلچەكـ
لىك قىلىپ خەقلەرنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى بىجانىدىل ئورۇندىغىنىمغا
مىڭ لەنەتلەر ئېيتتىم . شوتىدىن چۈشۈپ پۇتۇم يەرگە تېگىشكە

زىلۋا بىر چوكان يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمدىكى سومكىلاردىن ئىككىسىنى ئالدى . مەن شۇ تۇرقۇمدا نەرسىلەردىن قۇتۇلدىغانلا بولسام ئوغرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشقىمۇ تەييار ئىدىم . گەپ – سۆز قىلماي سومكىلارنى ناتونۇش چوكانغا تۇتقۇزۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ رەھمەت دېيىشىمۇ ئېسىمگە كەلمەپتۇ . شۇ ئارىدا ، بىر پىكاپ يېنىمىزغا كېلىپ توختىدى . چوكاننىڭ ئىشارىتىنى كۈتمەيلا سومكا – چامادانلىرىمنى بىر ياش يىگىت ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى يۈك – تاق ئورنىغا باستى . ئاندىن چوكان مەن بىلەن بىللە يۈك تارقىتىش ئورنىغا كېلىپ سومكا – چامادانلار ئايلىنىدىغان ئايلانمىغا كېلىپ تۇردى . مەن « ئۇمۇ مەندەك يولۇچى ئوخشايدۇ ، نەرسە – كېرەكلىرىنى ساقلاۋاتقان ئوخشايدۇ » دەپ ئويلىدىم . سومكا – چامادانلىرىم ئالدىمغا كەلگەندە ئۇلارنى ئالدىم .

– تۈگىدىمۇ ، — دېدى چوكان .

— ھە ، تۈگىدى ، سىلىنىڭچۇ ، — دېدىم مەن .

— يوق ، مەن سەپەرگە چىقمىغان .

سومكىلارنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىقىشىمىزغا يەنە ھېلىقى يىگىت كېلىپ يۈكلىرىمىزنى قولىمىزدىن ئالدى . بىز پىكاپقا ئولتۇرۇپ شەھەرگە ماڭدۇق . ئۇمۇمېنىڭ نەگە بېرىشىمنى سورىمىدى . مەنمۇ دېمەپتىمەن شەھەرگە كىرىپ ئايرىلىدىغان يەرگە كەلگەندە چۈشۈپ كىرا ھەققىنى تۆلىۋەتسەملا بولمىدىمۇ دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

— كەلدۇققۇ دەيمەن .

مەن كۆزۈمنى ئاچتىم . چوكان كۈلۈپ تۇرۇپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . مەن ئۆز ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم . بايىقى يىگىت نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ

ئۆيگە كىردى. چوكانمۇ كىردى. ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر بېرىۋىدىم. يولدا ئۆتۈشۈپ كەتكەن ئوخشايمىز. ھېچقايسىسى ئۆيدە يوق ئىدى. يۈكلەرنى ئەكىرىپ بولغاندىن كېيىن مەن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چوكانغا ئۇزاتتىم.

— رەھمەت سىڭلىم. جېنىمغا جان قوشتىڭىز. سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدىم مەن.

— مەن سىلىگە رەھمەت دېسەم بولىدۇ، پۇلنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، — دېدى چوكان.

— ياق سىڭلىم. كۆپ ياخشىلىق...

— ياق، ياخشىلىق دېگەننى سىلە بىزگە كۆپ قىلدىلا. بايا ئاچام ئايرودرومدىن تېلېفون بېرىپتىكەن، پۇللارنى سىلىنى ئالغاچ كەتتى دەپ.

— ۋاي راست سىڭلىم، ئېسىمدىن چىقىپتۇ، بۇ پۇل سىلىنىڭ پۇللىرىمىدى، مەن تېخى...

— ھەئە.

— ئىسىملىرىنى دەپ بەرگەن بولسىلا، بولمىسا سالاھىيەت گۇۋاھنامىلىرىنى كۆرسەم، بۇ پۇل ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ.

— ئانچە كۆپ ئەمەس، يۈز مىڭ دوللار.

— يۈز مىڭ دوللار. ھەيرانلىقتا كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى.

ھەيران بولغىنىمنى كۆرۈپ چوكان كۈلدى، كۆزلىرى، زىناقلىرىمۇ كۈلدى.

— سىلە مېنى تونومىدىلا، بىراق مەن سىلىنى تونۇيمەن، تونۇغاندىمۇ تازا ئوبدان تونۇيمەن.

تونۇيمەن؟ بەلكىم تونۇيدىغاندۇ بەزىدە ئاياللار بايراملىرىدا ئانچە - مۇنچە شېئىر - دېكلاماتسيە قىلىمەن ئەمەسمۇ.

شۇ چاغدا، كۆرسىمۇ كۆرگەندۇ. مەنمۇ ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن. تۆھپىكار ئاياللار سەھنىسىگە چىققاندا كۆرگەن ئوخشايمەن.

— سىلە كارخانىچىغۇ دەيمەن، ئاچىلىرىچۇ؟

— نېمە دېسىلە شۇ ئاچا، سىلە مېنى يەنە تونۇمىدىلا، مەن ھېلىقى قاچقاق ھاۋاخان ئەمەسمۇ.

— ھاۋاخان . . . ھەيران بولغىنىمدىن ئاغزىم ھاڭدەك ئېچىلىپ قالدى . . .

1977 ـ يىلىنىڭ قىشى قاتتىق كەلدى. بىز ئۈرۈمچىگە يېڭى يۆتكىلىپ چىققاچقىمۇ، يا بۇ يەرنىڭ ئاچچىق ـ سوغۇقى جەنۇب-نىڭ ئىللىق قىشىدىن دەھشەتلىك تۇيۇلدىمۇ ئىشقىلىپ ئادەم بول-غاندىن بېرى مۇنداق سوغۇقنى كۆرۈشۈم تۇنجى قېتىم ئىدى، ئۇ چاغلاردا، يوللاردىكى قار ـ مۇزلار تازىلانمامتىكى تېيىلغاق يولدا مېڭىشتىن، تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشتىن قورقاتتىم. دېموكراتىيە يولىدىن خەلق كىنوخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئىدارەمگە بارغۇچە توخۇدەك تەمتىلەپ يېرىم سائەتتە ئاران باراتتىم. بىر كۈنى ئە-تىگەندە كېتىۋاتسام دېموكراتىيە يولى ماگىزىنىنىڭ زالىدا بىر توپ كىشىلەر بىرسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. بۇنىڭغا ئېرەن قىلماي كېتىۋەردىم. چۈشتە ئۆيگە كېتىۋېتىپ سەرەڭگە سېتىۋالاي دەپ ماگىزىنغا كىرسەم خەقلەر يەنە بىرسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. مەنمۇ بويۇندىدىم. ئۇستىدە يىرتىق پوپايكا، كىيىۋالغان تور شىمىنىڭ ئېغى، پۇشقاقلىرى تىتىلىپ كەتكەن، پۇتى يالاڭغداق ھەتتا پۇتىدا پايپاقمۇ يوق تىلەمچىمىكىن دېسەم ئالدىدا پارچە تى-يىنمۇ يوق، بۇ تىترەپ تۇرغان جان ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ، بىل-گىلى بولمايدۇ، تاماشا كۆرگۈچىلەر ئۇنى «كۆرۈشكىلا بولىدۇ،

قوتقۇزۇشقا بولمايدۇ » دەپ ئويلىسا كېرەك . قاراپ تۇرۇشتىن باشقىغا يارىمىغاندەك تۇراتتى . مەن ئېگىشتىم .

— ھەي ، سەن ئۇيغۇرمۇ ، خەنزۇمۇ .

— ھەئە .

دېمەك ئۇيغۇر قىزى ئىكەن ، سوئاللىرىمنىڭ ھەر ئىككىسىگە بىرلا « ھەئە » بىلەن جاۋاب بەردى .

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن يا بارىدىغان يېرىڭ يوقمۇ .

— ھەئە .

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سېغىزخىنى ھەممىگە بىرلا ئىسمىنى قويۇپ چىققاندەك بۇمۇ « ھەئە » دېگەندىن باشقا سۆز قىلمايدىغاندەك تۇراتتى .

— قوپ ئورنۇڭدىن ، جۇر ، بىزنىڭكىگە بېرىشنى خالامسەن .

— ھەئە .

— جۇر ئەمىسە ،

— ئىشتىنىم يىرتىق ، پۇتۇم يالاڭغداق .

ئاخىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر جۇملە سۆز چىقتى ، مېنىڭ دۆتلۇكۇمنى ، ئۇ يالاڭغداق تۇرسا .

مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن مەن بېرىپ ساڭا كىيىم ئېلىپ كېلىمەن .

— ماقۇل .

مەن ئۇچقاندەك ئۆيگە بېرىپ ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك ئىزدىدىم . مېنىڭ بويۇم ئېگىز ، بەستىم يوغان بولغاچقا كىيىملىرىم ئۇنىڭغا خوپ كەلمەيتتى . ئوغۇللىرىمنىڭ شىم ، پوپايكا ، پاختىلىق چاپان ، ئاياغلىرى بولۇپ بىر دۆۋە كىيىمنى كۆتۈرۈپ

كەلسەم ئۇ بىچارە يەنە باشقىلارنىڭ كۆرگەزمە قىلىشىنى ئۇنىسىز قوبۇل قىلىۋېتىپتۇ . مەن هاماقەتلەرنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىيىم ـ كېچەكلەرنى تاشلىدىم . ئۇنىڭ قوللىرى قولاشمايتتى . پۇت ـ قول بارماقلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ ، مەن ئۇنىڭ پۇتىغا پايپاق ، ئاياغنى كىيگۈزدۈم ، ئىشتان ـ چاپانلار خۇددى ئۆزىـ نىڭكىدەك خوپ كەلدى ، يارىشىپ خۇددى بىر شوخ ئوغۇل بالىغا ئوخشاپ قالدى ، مەن ئۇنى يېتىلەپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم .

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— هاۋاخان .

— قەيەرلىك سەن ؟

— H ناهىيىسىدىن .

— نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟

— ئون ئالتىگە .

نېمە بولۇپ چىقىپ قالدىڭ ؟

— بىر شوپۇر ئالغاچ چىققان .

هەي قىز باللار ، دۇنيادا ئەرلەرگە ئالدىنىشتىن باشقا ئىـ شىڭلار يوقمۇ .

چاي دەملىدىم ، نان ـ توقاچلارنى ئالدىغا تىزدىم ، ئۇنى هەدەپ يېمەككە زورلىدىم ، قىش سوغۇقتا ئاچ ئولتۇرغىنىغا قارىـ ماي تاماققا تۈزۈك ئىشتىهاسى يوق ئىدى . كەچتە ئەتكەن لەڭـ مەندىن ئىككى چوكا ئاران يېيەلىدى . كېچىچە خوچاڭنىڭ قېـ شىغا ئورۇن سېلىپ بەردىم . تولا يۆتىلىپ ئۆزىنىمۇ ، بىزنىمۇ ئۇخلاتمىدى . قولۇمنى ئۇزىتىپ چېكىسىنى تۇتۇپ باقسام تەرلەپ سۇ بولۇپ كېتىپتۇ . بېشى ئوتتەك ئىسسىق ، پات ـ پات جۆيلـ لۇيدۇ . تاڭنى ئاران ئاتقۇزۇپ ئەتىگەندە چېيىنى ئىچكۈزۈپ بوـ لۇپلا دوختۇرغا ئېلىپ باردىم . دوختۇر بىر ئۇنىڭغا بىر ماڭا قاراپ

قويۇپ ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى .

— ئىسمىڭ نېمە ؟

ئۇ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە مەن جاۋاب بەردىم .

— تۇرغۇنئاي .

— يېشىڭ ؟

— ئون ئالتە .

ئۇ ئەجەپلىنىپ ماڭا قارىدى بەلكىم ھاۋاخان دېگەن ئىسمىم نېمشقا تۇرغۇنئايغا ئۆزگىرىپ قالغاندۇ دەپ ئويلىغاندۇ ؟ دوختۇر رېنتىگېنگە خەت يېزىپ بەردى . مەن پۇل تۆلەيدىغان ئورۇنغا باردىم .ھۆكۈمەت ھېسابىغا داۋالىنىدىغان كۆك كىنىشكىنى چىقىرىپ رېنتىگېن قەغىزىگە قوشۇپ ئۇزاتتىم . ئۇ تامغىنى بېسىپ كىنىشكە قەغەزلەرنى قولۇمغا بەرگەندىن كېيىن ئۇھ دېدىم . ئەگەر كاسسىر قەغەزگە دىققەت قىلىدىغان بولسا كېنىشكىدىكى تۇرغۇنئاي يىگىرمە ئالتە ياش قەغەزدىكى تۇرغۇنئاينىڭ ئون ئالتە ياش ئىكەنلىكىنى بايقاپ راسا جاجامنى بەرگەن بولاتتى . خۇداغا شۈكرى ، ئۇمۇ ئانچە ئىنچىكىلىمىدى . مەنمۇ تۇتۇتۇلمىدىم ، ئازغىنا مائاشىمنى خەجلىگۈم كەلمەي ھاۋاخاننى ھۆكۈمەت ھېسابىغا داۋالىتىۋاتقانلىقىمغا ھەم كۈلگۈم كېلەتتى ھەم خىجىل بولاتتىم .

ئۈچ كۈنلۈك دورا ــ ئوكۇل ئۇنى خېلى ئەيۋەشكە كەلتۈردى . قىزىتمىسى چۈشۈپ تاماقتا كىرىشتى . تۆتىنچى كۈنى چۈشتە كەلسەم سەي ئاقلاپ تاماقتا تۇتۇش قىلىپتۇ . بەشىنچى كۈنى كىر يۇيۇپ ئارغامچا ، ئورۇندۇقلارغا يېيىۋېتىپتۇ . مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاسرىشىنى ، بۇ ئىشلارنى ساقايغاندا قىلسىمۇ قېچىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتسام ئۇنىڭ مىيىقىدا كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . ئۇ نېمشقا كۈلىدىغاندۇ .

— ھە ، ھاۋاخان ، خوتەندىن نېمشقا چىقىپ قالدىڭ ؟

— . . .

— ھە ، دېگىنە ، پاراڭلاشقاچ ئولتۇرايلى ئاچا — سىڭىل-دەك مۇڭدىشايلى .

— ئېيىم تولا ئۇيۇپ ئايام بەرمىدى .

— نېمە . . . نېمە . . . نېمە . . . ئېرىم دېدىڭمۇ ؟

— ھەئە قىمار ئوينايتتى . نەشە چېكەتتى . گاھىدا بى مۇنچە ( بىر مۇنچە دېمەكچى ) پۇل — مال ، مارجان ، ھالقا ئەك-لىپ خۇش قىلىتتۇ ( قىلىدۇ دېمەكچى ) كىگىز ، گىلەم كۆتۈپ كەپ ئۆيىنى توشقۇرۇۋېتىدۇ ، گاھىدا ھەممىسىنى ئۇتتۇيۇپ گاڭسا — جىسسا بويىتتۇ ، ئاندىن ئۇيىدۇ .

— نېمىشقا ئۇرىدۇ ؟

— ھېلىقى ، ئۇنىڭ ئەسكىلىكى بوماتتۇ ، ئەسكىلىك قىلاي دېگەن چېغىۋا .

ھاۋاخان كۆلگىنىدە ئاق سېرىق يۈزلىرى قىزىرىپ كۆز-لىرى يۇمۇلدى .

تووۋا قىز بالا دېگەننى ئەرگە بەرسە بالاغەتكە يەتمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدا ھېسسىيات پەيدا بولسا كېرەك .

— ئۇنىڭدىن كېيىن .

— ھېلىقى بېشىڭنى يەيتقان شوپۇي ( شوپۇر دېمەكچى ) ياڭاق ئالغىلى كەپتىكەن . ياڭاقنى ئېلىپ بولاپ ، مېنىمۇ ئالغاچ كەتتى .

— ھوي ئاتا — ئاناڭ ئۇقمىدىمۇ ؟

ئۇلار ئۇقۇتقان بولسا پۇتۇمغا چىدە سەپ قوياپ ئاندىن ئېيىمگە تاپچۇيۇپ بەممەتا خانىم .

چىدە دېگىنى نېمىدۇ ، بەلكىم ئاتىنىڭ پۇتىنى چۈشەيدى-غان تاسمىدەك بىرنەرسە بولسا كېرەك .

— شوپۇر نەگە كەتتى ؟

ئۇ يـەنە قىزاردى ، گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى . مەن كو-چىلاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى .

— ئۇ گوي مەن بىلەن تازا ئوينىاپ ، تازا كۆڭلىنى خۇش قىلۋېلىپ ئاندىن مېنى يەۋنخاننىڭ ئۆيىسىگە تاشلاپ كەتتى .

— كىم ئۇ يەۋنخان ( رەۋنخان )

— هە يەۋنخان ، كۇندە ئۆيىسىدە ئادەم قونتىكەن ، مېنىمۇ بىللە يات دەيتۇ ، قالىسام هەر يوغان گادايلار بەزىلىي چوڭ دادامدەك جېنىمدىن قوقاپ قېچىپ چىقتىم . ئارقامدىن كېلىپ ئىشتان - كۆڭلىكىمنى ، ئايىغىمنى سالدۇرۇۋېلىپ ئۇيۇپ پېتىقلاپ تاشلاپ كەتتى .

— نېمىشقا ئۇرۇپ پېتىقلايدۇ ، بىرەر نېمىسىنى ئېلىپ كەتكەنمىدىڭ يە .

— يـاق ئاچا ، مەن ئۇنداق ئىشتا يوق ، ئۆيگە بىللە كەت-مىدىڭ دەپ ئۇمامتا .

— ئۆيى نەدە ئۇ دەللىنىڭ ؟

— بېكەتنىڭ ئالدىدا .

هەي مۇشۇنداق نائەھلىلەرگە خۇدايىم نېمىشقا ئۆلۈم بەر-مەيدىغاندۇ ، مۇشتۇمدەك بالىغا سالغان كويىنى قارىمامدىغان . خۇدادىن قورقمامدىغاندۇ ؟ بالا - ۋاقىسى ، ئۇرۇق - تۇغقىنى يوقمىدۇ ئۇلارنىڭ .

هـاۋاخانغا ئىچىم ئاغرىدى . كۆزلىرىمگە ياشلار كەلدى ، بىراق هاۋاخان ئۇنچە غەم قىلغاندەك كۆرۈنمەيتتى .

— هاۋاخان مۇشۇ ئۆيدە ، ئۆز ئۆيۈڭدەك تۇرىۋەر ، بۇ ئۆيدە ساڭا قىلغۇدەك كۆپ ئىشمۇ يوق ، تاماقنى ئۆزۈم ئېتىمەن . ئۇكىلىرىڭ مەكتەپكە كېتىدۇ . چۈشتە هەممىمىز يىغىلىمىز ، زې-

رىكسەڭ كىتاب ئوقۇ ، خەت ساۋاتىڭ بارمۇ ؟

— بەشىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان .

— ئىچىڭ پۇشۇپ قالسا چۆشلۈك تاماقتا سەي ئاقلاپ قوي ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويما ، پات - پات كۆمۈر سېلىپ تۇرغىن .

هاۋاخان كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى . ئۆي تازىلايتتى . كىرقات يۇياتتى . ئوت قالاپ خوچاڭنى قىزىتىۋېتەتتى .

بىر كۈنى كەچتە ئۆيگە بىر نەچچە يازغۇچىلارنى مېهمانغا ئېيتىپ قويدۇق . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا H ناهىيىسىدىن كەلگەن بىر شائىرمۇ بار ئىدى . ئۇ قىزىق چاقچاق لەتىپىلەرنى ئېيتىپ مېهمانلارنى ۋە بىزنى كۈلدۈرۈپ ئولتۇردى ، هاۋاخان ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى .

— هاي مۇئەللىم ، بۇ يەرگە نېمە بولۇپ كەپ قاللا ؟

شائىر هەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— هە ئۆزۈڭچۇ ؟

— مەن . . . مەن مۇشۇ خانىمنىڭ ئۆيىدە . . .

- هە ، ئېتىڭ نېمە ؟

— ئادەمنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسىمۇ تونۇمايتتىكەن ، بۇ مۇئەللىم ، مەن ھېلىقى هاۋاخان لەگپۇڭچىنىڭ نەۋىسى ئەمەسما ؟

— هە ، قاچقاق دەنامۇ سەن ، ئۇرۇمچىگە قېچىپ چىقتىم دېگىنە . خەپ داداڭ بىلەن ئېرىڭغا دەپ قويىمسام .

— هاۋاخان ، هەي هاۋاخان ، ئىسمىڭ دەناخان ئىكەنغۇ ، مېنى ئالداپسەن - دە .

— دەپ قويىمسۇن دەپ .

— ۋاي ساراڭ .

مېهمانلار تارقاشتى . هاۋاخان ئەتكەن لەگپۇڭغىمۇ ئېغىز

تېگىشەلمىدى ، ئاچچىقسۇغا چىقىپ كەتكەن ھاۋاخان تېخىچە كەلمىگەنىدى . ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم . چاپىنىمنى كىيىپ ، ياغلىقىمنى ئوراپ ، ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى تۆت كوچىنى ، بېيىـ مىلىك بازىرىنى كېزىپ چىقتىم ، ئېرىم ئىككىمىز ئۇنى بىرسى بۇلاپ كەتتىمىكىن ، يا قىش سوغۇقتا بىرەر يەردە توڭلاپ قالدىمىكىن ، كـېيىن بالاسىغا قالمايلى دەپ ساقچىغىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويدۇق . شۇ كـېچىسى كۆزىمىز ئىلىنمىدى ھاۋاخاندىن تېخىچە دېرەك يوق ئـىدى . قولۇم ـ قوشنىلار « ئۆيىڭىزگە ئوبدان قاراپ بېقىڭ ، نـەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى ئېلىپ قاچقان بولمىسۇن يەنە » دېـ يـىشتى . ئۆيدە باشقا نەرسە يوقتەك دەررۇ سومكا ، چامادانلارنى ئاختۇرۇپ ، كىيىم ـ كېچەك ، زىبۇ ـ زىننەتلىرىمگە قارىدىم . ھەممىسى جايىدا ، تاشقىرىقى ئۆيدە كىيىم ئاسقۇچتا يوپكا ، چاـ پان ، پەلتو ، رومال قاتارلىقلار . ئۇنىڭ تېگىدە ئۆتۈكلەر ، بەـ تىنكە ، بوتىلار بار ئىدى . ھېچنېمىگە تەگمەپتۇ . مەن ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلەن نېمە بەرگەن بولسام شۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ . بۈگۈن ئەتىگەن كىر يۇغاندا روملىنى يۇيۇپتىكەن ، ئاچچىقسۇغا چىققاندا ھۆل رومالنى ئاتمىسۇن دەپ قۇرۇق روملىمنى بېشىغا چېگىپ قويغانتىم ، شۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ . باشقا نەرسىلەر ھەممىسى ئۆز جـايىدا ئىدى . دورىلىرىنىمۇ ئالماپتۇ ، نەدە يۈرىدىغاندۇ يەنە ئاغـ رىپ قالارمۇ ، كاناي ياللۇغى بار ئىدى . قوزغىلىپ قالسا قانداق قىلار ، ئۆزاقچە بىچارە بەختسىز قىز بالا ئېسىمدىن چىقمىدى .

بـىر كۈنى مىجەزىم يوق بولۇپ قېلىپ 2 ـ دوختۇرخانىغا باردىم ، دۆڭ كۆۋرۈك بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدىن ئۆتتۈم ، يـولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئولتۇرۇۋالغان تىلەمچىلەرنىڭ تولىلىقىـ دىن يولدىن ئۆتمەك تەس ئىدى . كۆپىنچىسى ئاياللار بىلەن باـ لـىلار ، ئۇلارغا پۇل ئۇلەشتۈرۈپ پارچە پۇللىرىممۇ تۈگىدى . بۇ

پۇللارغۇ ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ نىدالى-رىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ سەدىقە بەرمەي ئۆتۈشكە كىشىنىڭ يۈرىكى چىدىمايدىكەن . بىر چاغدا دەل دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ، تور ياغلىق ئارتقان ئۈچ - تۆت ئايال ۋە با-لىلارغا كۆزۈم چۈشتى . يانچۇقۇمنى مالتىلىدىم ، پارچە پۇل قال-ماپتۇ ، خىجىللىقتا گەپ تاپالماي ئۇلارغا چاقچاق قىلدىم .

— تۇغقانلار نېمانداق ھەممىڭلار چۇۋۇلۇپ چىقىۋال-دىڭلار ؟

— . . .

— ماۋۇغۇ ياش چوكانكەن ، سىلەر قېرىغان چېغىڭلاردا تەس بوپتۇ ، پەرزەنتىڭلار يوقمىدى ؟

— ھا . . . ھا . . . خانىم ، بىزمۇ ياش چوكان ، بىزنى قېيى ( قېرى دېمەكچى ) دېگەننىڭ ئۆزى ، بىزدىنمۇ قېيى جۇما . ھەممەيلەن كۈلۈشتۇق .

— ھەي قېرىلار ، ھەي جومباقلار ، كوچىغا چىقىۋالغۇچە بىرەر ئىش - ئوقەت قىلساڭلار ، يا بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە ئۆي خىزمىتى قىلساڭلار بولمامدۇ ، يۈزۈڭلارنى يېپىۋالساڭلار مو-مايلاركەن دەپ ئەرمۇ ئالامدۇ ؟

— ھا . . . ھا . . . تازا چاقچاقچى خانىمكەن .

— ھەي ، بىزنى كىممۇ ئىشلىتەر ، بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىنى كۆتۈرۈپ قاچامتۇق - ھە .

— ھەي بۇ خانىم شائىر جۇما .

— سەن نەدە كۆرگەن .

— ئاقساقالنىڭكىدە تېلېۋىزوردا .

— ئاقساقىلىڭ كىم ؟

— ھە بىزنىڭ غوجام بولمامدۇ ، بىزنىڭ غوجىمىز . بۇ

ئاۋازنى تونۇپ قالدىم.

— ھەي ھاۋاچاق، قاچقاق، بىزنىڭ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەلگەن يېرىڭ شۇمۇ؟

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بايىقى مەن ياش چوكان دېگەن چوكان رومىلىنى قىيا ئاچتى.

— ۋاي خانىم، بۇ توخو پوقىنى مەنمۇ جىق تىلىلىدىم، بۇ سىلىنىڭ گەپلىرىنى جىق قىلىپ بەرگەنتى. مەن نېمىشقا قاچتىڭ، سەن قاچمىغان بولساڭ بىز مۇشۇ كۈنگە قالمايتتۇق دەپ تىلىلىدىم ئۇردۇم دېسىلە بۇنى.

— سىلى نېمىسى بولىلا؟

— ھەي... مەن ئۇنىڭ ئاچىسى، H ناھىيىلىك ھېلىقى شائىر بالا بۇنىڭ تۇرىدىغان يېرىنى دەپ بەرگەنىدى. مەن ئانام ـ دادامنى خۇش قىلاي دەپ بۇنى ئىزدەپ چىققان.

— ئېرىچۇ؟

— ئېرىنى قىمارۋازلار ئۆلتۈرىۋەتتى.

— ھازىر نەدە تۇرىۋاتىسىلەر؟

— ھازىر غوجامنىڭكىدە، — دېدى ھاۋاخان.

— غوجاڭ كىم؟

ھاۋاخان كۈلدى، ھەدىسى كاچىتىغا كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى — دە، ھۆ تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىماڭلار، ئادەم يىغلىپ كەتسە خەققە تاماشا بولىسىلەر، كەچقۇرۇن بىزنىڭكىگە بېرىڭلار.

كەچقۇرۇن ئۇلار راستتىنلا كېلىشتى. ھاۋاخان خوجاڭنىڭ يېنىغا جايلىشىۋېلىپ تاماق يېمەكتە. ئاچىسى كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ يۈزىدىكى رومىلىنى پېشانىسىغىچە ئېچىپ

قويۇپ تاماقتىن بىر لوقما ، پاراڭدىن بىر كەلىمە سۆزلەپ دەردلە-
رىنى تۆكمەكتە . ئىدارە بىلەن ئۆيدىلا يۇرگەن بىزدەك كىتاب
بەندىلىرى دۇنيادا مۇنداق دەردمەنلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ئۆتۈپ
كېتەركەنمىز .

دادىسىنى كۆمۈپ قويۇپ سىڭلىسىنى ئىزدەپ بىزنىڭ مە-
ھەللىنى قىدىرىپ يۇرگەن بۇ چوكانغا بىر يۇرتلۇقى ھاۋاخاننىڭ
بـار يېرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ . ھاۋاخاننىڭ لىياڭمۇ تېغىننىڭ باغرى-
دىـكى بىر ئۆيدە مەشھۇر ساپايىچى سەپەر دىۋانە دېگەننىڭ قول
ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ . ئۇ كۇندۇزى تىلەمچىلىك
قىلىپ سەپەر دىۋانىنى باي قىلىدىكەن . قىشلىقى مۇنداقلاردىن
سەپەر دىۋانىنىڭ ئۆيىدە يەتتە ـ سەككىزى كەم بولمايدىكەن .
يازدا يەر ـ جاھان ئىللىغاندا بۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىپ خا-
لىغىنىنى قىلىدىكەن . بۇ چوكان سەپەر دىۋانىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ
بارغاندا ھاۋاخانمۇ شۇ يەردە ئىكەن . سەپەر دىۋانىنىڭ دېيىشىچە ،
ئۇ يـاتاق ـ تاماق ۋە كۇنلۇك تاپشۇرىدىغان پۇللىرى ئۇچۇن سە-
پەر دىۋانىگە مىڭ كويدىن ئارتۇق قەرزدار ئىكەن . سەپەر دىۋانى-
نىڭ پۇلىنى تاپشۇرماي ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلى-
كىنى ھەممىسى بىلىدىكەن . ئۇنىڭدىن پۇتۇن دىۋانىلار ئەيمىنى-
دىكەن ، چۈنكى ئۇ قىشتا قىمار ئويناپ ، نەشە چېكىپ ئولتۇرسا
يازدا دۆڭكۆۋرۈكتە ساپايى سوقۇپ ، ھۆكمەت ئوقۇپ پۇل تاپى-
دىـكەن ، ئۇنىڭ قول چوماقلىرى كۆپ بولۇپ قەرزىنى تۆلىمەي
قاچقان خوتۇنلارنىڭ ھەر قانداقىنى شەھەرنىڭ ھەرقەيىرىدىن
بـولسىمۇ تۇتۇپ كېلىدىكەن . سەپەر دىۋانە ئۇلارنىڭ تېرىسىنى
شۇلۇۋېلىپ ( يالىڭاچلاپ ) كوچىغا تاشلايدىكەن ، ئاياللارنىڭ
ئەڭ قـورقىدىغىنىمۇ مۇشۇ ئىش ئىكەن . سىڭلىسىنى ئىزدەپ چى-
قىپ ئاز ـ تولا ئېلىپ كەلگەن پۇللىرى تۈگىگەن چوكان ياتىدى-

غان يەر ، يەيدىغان بىر ئىككى لوقما تاماق ئۈچۈن سىڭلىسىنىڭ
يولىدىن مېڭىشقا يەنە سەپەر دىۋانىنىڭ چونتىكىنى توشقۇزۇپ
سىڭلىسىنىڭ قەرزىنى ئۈزۈش ئۈچۈن دۆڭ كۆۋرۈككە بېرىپ
يۈزىنى تور رومال بىلەن ئوراپ سەدىقە تىلەشكە باشلاپتۇ .

گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ خېلى ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ ،قاش ـ
كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ، كېلىشكەن بىر چوكاننىڭ تار-
تىۋاتقان دەرد ـ ئەلىمى چوڭقۇر ئويغا سالدى .

ئاھ ئۇيغۇر ئاياللىرى ، بىز نېمىدېگەن بىچارە ، نېمىدېگەن
ئاجىز ، نېمىدېگەن نائىلاج بىز ، باشقا مىللەتلەردە قەلەندەر قال-
مىدى دېسمۇ بولىدۇ . ھازىرچە ھەممە قەلەندەر بىز ئۇيغۇرلاردىلا
قالدى . ھەممە يۇرتنىڭ ئازغان ـ تازغانلىرى ئۈرۈمچىگە چىقىپ
يۈزىنى ئوراپ ، تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپلا چوڭ كوچىدا ئول-
تۇرۇپ سەدىقە تىلەۋاتقان ، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ .

مەن ئۇلارغا قارىدىم ، نېمە دېيىشىمنى ، نېمە بىلەن ياردەم
بېرىشىمنى بىلمىدىم ، بىرنەچچە مىڭ كوي پۇلۇم بولسىدى ،
ئۇلارنى سەپەر دىۋانىدىن ئاجرىتىپ H ناھىيىگە يولغا سېلىپ
قويسام ، بىراق مېنىڭمۇ ئىمكانىيىتىم يوق . ئېرىم ئىككىمىز تاپقان
بىر نەچچە يۈز كوي بىلەن بالىلىرىمىزنى باقمىساق بولامدۇ ؟
ھەربىر تىيىننىڭ بويىنىغا نۇرغۇن ئېھتىياجلار يۈكلەكلىك .

ئۇلارنى قونۇپ قېلىڭلار دېمىدىم ، ئۇلار يەنە سەپەر دىۋا-
نىدىن قورقۇپ كەچ قېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتسا .

يەنە بىر كۈنى بالامنى دوختۇرغا ئاپىرىۋېتىپ دوختۇرخانا
ئالدىدا بايىقى ئاچا ـ سىڭىللارنى ئۇچراتتىم ، ئۇلارنى يەنە مۆڭ-
لۈق زىل ئاۋازىدىن ، ئاپئاق يۇمران قوللىرىدىن تونۇۋالدىم ، تې-
خىچە تىلەپ ئولتۇرۇپتۇ .

ـــ ھەي خانلىرىم ، تېخىچە مۇشۇ كەسىپتىن باشقا كە-

سىپ تاپالمىدىڭلارمۇ ؟

— قەرزلىرىمىز تۈگىمىسە .

— يەنە نېمە قەرز ، غوجاڭلارغىمۇ ؟

— ھەئە ، بۇرۇنقى بىر قەرز ئەمدى ئىككى بولدى خانىم .

— ھەي بۇ ئىش بىلەن سىلەر دەردتىن قۇتۇلالمايسىلەر . باشقا ئىش قىلساڭلار قانداق ؟ مەسىلەن ، يا بالا باقساڭلار ، ياكى ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ . . .

— كىم بىزگە ئىشىنىپ ئۆيىنى تاپشۇرىدۇ ، بىزنى ئۆيىنى كۆتۈرۈپ كېتىدۇ دەيدۇ ، — دە .

ئۇلارنىڭ گېپىمۇ راست ، ھازىر ئۇنداقلار كۆپىيىپ قالدى ، ھەتتا مەنمۇ ئۇنداقلارغا ئىشىنىپ ئۆيۈمنى تاپشۇرالمايمەن ، بۇرۇن ئادەملەر ھاۋاخاندەك تۈز ئىدى ، ھازىرمۇ ئۇنىڭغىمۇ ئىشىنىپ بولامدۇ ؟

— ئۇنداقتا . . . ھەي تۆت - بەش كىلو ئۇندا نان يېقىپ ساتساڭلار بولمامدۇ ، بىر نان بىر كويغا چىقتى .

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن ، مەن ئويلاپ باقاي .

— تۇتۇڭلار ماۋۇ ئون كوينى ، شۇنداق قىلىڭلار سىڭىللار ، بىر چىرايلىق چوكانلار مۇنداق پەس ئىشنى قىلىپ پەس ئادەملەرگە ياللانغۇچە نان يېقىپ سېتىڭلار .

— توغرا ، كىچىكرەك بىر تونۇرنى قويۇۋېلىپ بىرەر يۈز نان ئېتىپ ساتساق تۈگەپ كەتمەمدۇ .

— تۈگەيدۇ سىڭىللار ... ھە ماۋۇ ئون كوينىمۇ تۇتۇڭلار .

— رەھمەت خانىم ، پۇلىمىز بار ، يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا .

مەن يىگىرمە كوي پۇلنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم ،

ئۇلار بولسا مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇشقا تىرىشاتتى .
دۆڭ كۆۋرۈك بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىن ھەر كۈنى ئۆتىشىدىغان ناندىن بەشنى سېتىۋالىمەن . بۇنى ھېلىقى چىرايلىق چوكانلار يېقىپ چىقىدۇ ، مەن پۇل تەگلەيمەن ، ئۇلار بەزىدە پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمايدۇ ، مەن ئۇلارنىڭ سېۋىتىگە پۇل تاشلاپ قويىمەن .
ــ ئۇنداق قىلماي پۇلنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا .
ــ ھە ، ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىلسىلا ، بولمىسا سىلىدىن نان ئالمايمەن ، دوستلىرىمنىمۇ باشلاپ كەلمەيمەن .
ــ ۋاي خېنىم ، خېرىدارلىرىمىز جىق ، ھەركۈنى نەچچە يۈز نان تۇگەيدۇ ، قەرزلەردىنمۇ قۇتۇلدۇق . ئۆزىمىزنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى سالغان نان نېمىدىگەن مەززىلىك ، شۇڭا خەقلەر بىزنىڭ نېنىمىزنى تالىشىپ ئالىدۇ .
بۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ خۇش بولىمەن ، ئۇيغۇرلاردىن ئىككى دېۋاننىڭ ئازىيىپ ، ئوقەتنىڭ يولىغا كىرىپ جېنىنى جان ئېتىپ قالغىنىغا ئۆزۈمنى خېلى يېنىك ھېس قىلىمەن . ئۇلار ئىككىسى ھازىر قەرزلىرىنى تۇگەتتى ، تېخى سەنىشىخاگزىدىن ئىككى ئېغىزلىق بىنا ئۆي سېتىۋېلىپ ئولتۇرۇشماقتا .

ــ ھاۋاچاق كۆرۈنمەيدىغۇ ، يەنە قاچتىمۇ ئۇ قاچقاق .
ــ ياق خانىم ، ئەرگە بەردىم ، بېيجىڭدا ئېرى بىلەن ئاشخانا ئېچىپ بېيىپ كەتتى .
ــ ۋوي ، قالتىسقۇ !
بىر كۈنلىرى چىرايلىق چوكاننىڭ نېنىمۇ يېپىشكە مۇيەسسەر بولالمايدىغان بولدۇم ،ئۇ دەسلەپ بىر سودا سارىيىدا دۇكاندار بولۇپ چىرايلىق پوپايكا ، چاپانلار ، ئاياغ ، رومالLار بىلەن

كۆز چاقنتىپ بازار تاپتى ، ئۆزىمۇ مودا كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ خۇددى مودا كىيىم كىيگەن قونچاقلاردەك چىرايلىقلىشىپ كەتـ-تـى . ئۇنىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتلىرىنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمىسە كېرەك . چۈنكى ئۇ قەلەندەرچىلىك قىلغان چاغلاردا يۇ-زىنى ئاچمايتتى ئەمەسمۇ .

ھەي مېنىڭ كۆزۈممۇ ، ئەقلىممۇ قېرىپتۇ ، ئالدىمىزدا تۇر-غـان بۇ گۈزەل چوكاننىڭ نەچچە يىل ئالدىدىكى دېموكراتىيە يولى ماگىزىن زالىدا ئولتۇرغان قاچقاق ھاۋاخان ئىكەنلىكى چۈ-شۈمگە كىرسۇنمۇ ، تېخى ئۇنىڭ ئاچىسىدىن نان ئېلىپ يۈرگـ-ىنىمگە يەتتە ـ سەككىز يىللا بولغانغۇ ، ئۇنىڭغۇ ئەسلا تونىيالماپتىـ-مـەن ، ئادەم ئەسكىسى ئەمەس ، كىيىم ئەسكىسى دېگەن گەپ راستكەن ـ دە ، دوللارلارنى پىچەت ـ پىچىتى بىلەن ھاۋاخانغا تاپشۇرۇپ بەردىم . ئون يىل مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇپ ، ئوتتۇز يىل ئىشلەپ پۇلنى تىرناقلاپ خەجلەشتىن قۇتۇلغىنىمىز يوق ، بۇ چىرايلىق چوكانلار بولسا يۈز مىڭ دوللارنى « ئالغاچ كېتىڭ » دەپ قول ياغلىقنى سالغاندەك ياكى يوللۇق تۇتقاندەك سومكامغا سېلىپ قويىدۇ ، خۇدايا تووۋا ،

مەن ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيتتىم .

1995 ـ يىلى

# ياز كۈنى

ياز ئاپتىپى سىمونت يوللارنى قىزىتماقتا، سىمونت يوللار-
دىن ئۆرلىگەن يالقۇن كىشلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى تەرلەتمەكتە.
مەن كۈندىن ئازراق بولسىمۇ دالدىلىنىش ئۈچۈن چوڭ
بىر ماگىزىنغا ئۆزۈمنى ئالدىم. ماگىزىننىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى
رەڭگارەڭ ماللارنى كۆزدىن كەچۈرگەچ نېرىقى ئىشىكىدىن چى-
قىپ كەتمەكچى بولدۇم، ئىشىكنىڭ يېنىدا چوڭ ئايلانما پوكەيگە
ھەرخىل گىرىم بويۇملىرى تىزىلىپ كۆز چاقنىتىپ تۇرۇپتۇ. بى-
رەر نەرسە ئالمىسامىمۇ لېكىن ئايال كىشى بولغاچقا بۇ نەرسىلەرنىڭ
ئالدىدىن بەخىرامان ئۆتەلمىدىم. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز پۈتلى-
رىمغا قوماندانلىق قىلىپ مېنى بۇ گۈزەل دۇنياغا باشلاپ باردى.
مەن پوكەيدە خىلمۇخىل جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەتىرلىرى، يۈز
سوپۇنلىرى، يۈز مېيى، ئۇپا ـ ئەڭلىك، لەۋ گىرىمى قاتارلىق
نەرسىلەرنىڭ تولىلىقىدىن كۆزلىرىم قاماشتى. باھاسىغاقاراپ يا-
قامنى تۇتتۇم، كىچىككىنە بىر قۇتا ئەتىر چەت ئەل يېزىقى يې-
زىقلىق بولغاچقا بىر يۈز يىگىرمە يۈەن باھاغا ئېرىشىپتۇ. بىر تال
لەۋ گىرىمى بىر يۈز ئەللىك يۈەن ئىكەن، بىر قۇتا يۈز مېيى يا-
پۇنچە خەتلەر يېزىلغان بولغاچقا ئىككى يۈز توقسان يۈەنلىك باھا
كارتوچكىسىنى بويىنىغا ئېسىۋاپتۇ، ياپىرىم بۇ نەرسىلەر ئادەمگە
باشقىدىن گۈزەل چىراي پەيدا قىلمايدىغاندۇ، بۇ نەرسىلەرنى
ئىشلىتىپمۇ يەنە شۇ خۇدايىم ياراتقان ئېغىز ـ بۇرۇن، يۈز ـ
كۆزلەر بىلەن يۈرەرمىز دېگەن خىياللار كۆڭلۈمدىن كەچتى.

كىم ئالار بۇ قىممەت باھا ساختىنا نەرسىلەرنى ؟ ھەقىچان بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن ، بىر ئۆينىڭ دەردىنى تارتىپ باقمىغان ياش قىزلار ئالار ، ئۇلار نېمە قىممەت بولسا شۇنىڭغا يۇگۈرۈشىدۇ ئەمەسمۇ ؟

ئەمدىلا چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا مېنىڭ بىر تونۇشۇم ئىشكتىن تەرلىرىنى سۈرتۈپ كىرىپ كەلدى . ئالدىراش بولسا كېرەك ھەتتا مېنى كۆرمىدى ، ئېسىمدە قېلىشىچە بۇ ئايال بىر مەكتەپنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان پىنسىيىگە چىققان ئايال ئىدى . ئۇ پوكەيگە يېقىنلاشتى ، مەن ئۇنى ھەقىچان ماڭا ئوخشاش بۇ ئەتىۋارلىقلارنى كۆرۈپ بولدى قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم . بىراق ، ئەمەلىيەت مېنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك ھەيران قىلىۋەتتى ، مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم . ئۇ بىر قۇتا چەت ئەل ئەتىرىنى ئۈچ يۈز يۈەنگە ، بىر قۇتا ياپۇن يۈز مېيىنى ئىككى يۈز توقسان يۈەنگە ، ئىككى دانە ئەتىر سوپۇنىنى ئوتتۇز ئالتە يۈەنگە سېتىۋالدى . بىر دانە لەۋ گىرىمىنى بولسا بىر يۈز يىگىرمە يۈەنگە ئالدى . ئۇ بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن يەتتە يۈز ئەللىك يۈەنگە يېقىن پۇل تۆلىدى . يەنە بۇ بازاردا قانداق قىممەتلىك نەرسىلەر باردۇر مەن ئالالماي قالغان دېگەندەك ، كۆزلىرىنى بۇ نەرسىلەردىن ئۈزەلمەي تۇراتتى .

مەن يۆتەلدىم . مەن ئايالنى ئۆزۈمگە قاراتماقچى ۋە سالاملىشىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم ، دېگەندەك ئايال ماڭا قارىدى ، بىز سالاملاشتۇق ، ئۆي ئىچى ، بالا ـ چاقىلارنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى سوراشقاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭدىن داۋۇت ئاكىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى سورىدىم . داۋۇت ئاكا ئۇنىڭ قەدىناس يولدىشى ئىدى ، مېنىڭ سوئالىم خۇددى بىراۋ ئۇنى بىر تەستەك سالغاندەك چۆچۈتتى ، چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتتى . مەن ئەنسىرەپ

قالدىم .
— نېمە بولدى ھەدە ، داۋۇت ئاكامغا بىر ئىش بولمىغان-دۇ ؟
— نېمە بولار ئۇنىڭغا ئۇكام ، ئۆلۈممۇ كەلمەيدۇ ئۇنداقلارغا .
— چېچىلمىسىلا ھەدە ، نېمە بولدى ، — دېدىم مەن ئۇ-نىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئەجەبلىنىپ .
— نېمە بولاتتى ، چىرايلىق ئۇكام ، ئەقىللىق ئۇكام ، قې-رىغاندا ئالجىدى .
مەن داۋۇت ئاكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . ئالتە بالىنىڭ دادىسى بولغىنىغا قارىماي پاكىزە ، رەتلىك يۈرىدىغان ، ئازراق يۇمۇرلۇق ، قىزىق پاراڭلىرى بىلەن ئادەمنى كۈلدۈرۈپ ، ئۆزىمۇ يېقىملىق چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتىدىغان بۇ كىشىنىڭ ئالجىغىنىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى . مەن ئانارگۈل ھەدىگە قارىدىم . ئۇ ئوتتۇرا بوي ، سېمىزگىنە كەلگەن سېمىزلىقى ئۆزىگە ياراشقان ، قاش ـ كىرپىكلىرى جايىدا ، رەڭگى ئانار گۈلدەك قىزىل ئايال ئىدى . ھازىر بۇ قىزىللىقلار يوقىلىپتۇ . پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايىنى ئۇششاق قورۇقلار بېسىپ كېتىپتۇ . لېكىن ، بۇ قورۇقلار ئۇنىڭ رۇخسارىغا نۇقسان يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن چىرايىغا تېخىمۇ سالاپەت ، ھۆسن قوشۇپتۇ .
— كەلسىلە ئۇكام ، ئولتۇرسىلا ، — دېدى ئۇ . بىز ماگى-زىندىكى ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇردۇق .
— مەن سىلىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان . سىلىنى ھۆرمەت قىلىمەن ، — دېدى ئۇ . يۇمشاق قوللىرى بىلەن قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ ، ئەگەر يازغىلى بولىدۇ دەپ ئويلىسىلا مېنىڭ ئېيتقان-لىرىمنى يازسىلا ، قانداق يازسىلىمۇ ھەرگىز رەنجىمەيمەن .

مەن ئەجەبلەندىم . ئۇ ماڭا نېمەدېمەكچىدۇ ؟

— ئۇكام مەن يەتتە يۈز ئەللىك نەچچە يۈەنگە گىرىم بۇيۇملىرى سېتىۋالدىم . نېمىشقا دېدىلىمۇ ؟ شۇنداق مەنمۇ ئۆزۈمدىن نېمىشقا پۇل بۇزۇپ بۇنداق يالغان - ياۋىداقلارنى ئېلىپ يۈرىسەن دەپ سورايمەن .

ئۇ بىردەم توختاپ قالدى ، يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقاردى ، كۆزەينىكىنى كۆزىدىن ئالدى . ياش لىغىرلىغان كۆزلىرىنى سۈرتتى . ئۇنىڭ قاپىقى تومراق ، يوغان چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياشلار يامغۇردەك قۇيۇلاتتى . مەن ئۇندىمەي ئۇنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدىم . ئۇ بىردەم ئۆكسۈگەندىن كېيىن گېپىنى باشلىدى :

— ئۇكام ، داۋۇت ئاكىلىرى تۇنۇگۈن ئاخشام كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتتى . مەن قىرىق نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپ بۇ ئادەمدىن بۇنداق گەپنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن . بىز يەر ئىسلاھاتىدا بىر دۆيدە ئىشلەپ تونۇشقان . ئۇ كەنت كادىرى ئىدى ، قاچان قارىسا پۇچقاقلىرى تۈرۈلگەن ، لاي پاچاق ھالدا كەنت ئىشخانىسىغا كىرىپ كېلەتتى . مەن بولسام كاتىپ ئىدىم . يۇقىرىدىن يەنى ۋىلايەتتىن ئەۋەتىلگەن ، تونۇشۇپ قالدۇق ، ئوت يۈرەك ، قىزىقچى ، شوخ بۇ ئادەم مېنى ئىشقى مۇھەببەت تورىغا ئىلىندۇردى . بىز توي قىلىپ ئالتە باللىق بولغانىدۇق ، ئالتە بالىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقىچە خۇن - خۇنىمىز تۆكۈلۈپ ، قېرىلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويدۇق ، بىز كىرمىگەن گۆر ، چىقمىغان دۆڭ قالمىدى . بۇ غوجام بۈگۈنكى كاتتا مەنسەپ ، يۇقىرى مائاشقا ئېرىشكۈچە مەن قوللىرىمنى كۆسەي ، چاچلىرىمنى سۇپۈرگە قىلىپ ئۆينى كۆكلىتىپ بالىلىرىمنى قاتارغا قوشتۇم .

ھازىر ، خىزمىتى ، ئابرۇيى ئۆستى . تېگىدە تۆت پاي چاق

غىلدىرلايدىغان بولدى ، ئالتە ئوغۇلنى ئۆيلەيمەن دەپ ساندۇقتا مال ، بانكىغا پۇل يىغىپ ۋاي دېگۈدەك كىيىم ياكى ئېغىزىم خۇش بولغۇدەك نازۇ نېمەت يېمەي ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپتۇ .قەنت كېسىلىم بار ، دوختۇر بىر پارچە گۆش بىلەن بىر سىقىم نوقۇتنى كورىغا سېلىپ قاينىتىپ ئىچىڭ دېگىنى نەۋاخ ، بىراق مەن شۇ بىر پارچە گۆشنى دادىسى يېسۇن ، باللار يېسۇن دەپ ئۆزۈمنىمۇ پەرۋىش قىلماي كېسىلىمنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالدىم .

ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشلاندى ، ئۇ ئەمدى ئەلەملىك ئۇھ تارتتى :

— بۇمۇغۇ مەيلىغۇ ئۇكام ، ئادەم هامان ئۆلىدۇ ، باللىرىمنى قاتارغا قاتتىم . ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلدىم ، ئارمىنىم يوق ، بىراق بۇ ئادەمنىڭ دېگەن بىر گېپى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى . قارىسىلا ئۇكام ، ئىشتىن چۈشۈپ دائىم ئۆيگە كېلىپ ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرىدىغان ئادەم قېرىغاندا نەدىكى رېستوراندا ، تىياتىرخانىلاردا كېچىنى ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋاپتۇ . كىم بىلەن دەپ سورىساملا ئۇكام ، بىرەر ئاغىنىسى بولسا مەيلىدى ھېلىقى ئىدارىدىكى يىگىناغۇچ خاتىرەخان بىلەن ، ئۆتكەن يىللاردا ئۇنى دائىم پىكاپتا ئولتۇرغۇزۇپ ، تېخى پىكاپنى ئۆزى ھەيدەپ ، خىزمەت ئىشىنى دەپ نەدىن - نەلەرگە كەتسە خىزمەتتۇ دەپتىمەن ، بۇ قېتىم خوتۇنلاردىن رېستوران بىلەن تىياتىرخانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گەپ سورىسام يەنە يۈزى قىزارماي « خىزمەت ئىشى » دەيدۇ . ھەي رېستوراندا ، تىياتىرخانىدا قىلىدىغان نېمە خىزمەت ئۇ ، دېسەم ئىشىڭنى قىل ، سېنىڭ كاللاڭ ئۆتمەيدۇ بۇ ئىشلارغا دەيدۇ . ئۆتكەن كۈن بىر كېچە يوقالدى « نەگە بارىلا ، يا ئادەمگە تېلېفون بېرىپ قويمىغان » دېسەم ، كالىدەك ئالىيدۇ قارىسىلا ئۇكام ، كىيىملىرىنى ئېلىپ قېقىپ سىلكىپ ، دەزمال

سىلىپ قوياي دېسەم ، ئۆمرىدە ئەتىر سوپۇنغىمۇ يېقىن كەلمەيدىغان ئادەم ، غەلىتە خۇش پۇراق بىر ئەتىرنى چېچىۋاپتۇ ، جۇدۇنۇم ئۆرلىدى .

— هوي ئادەم ، قېرىغاندا ئىتنىڭ تېزىنى كۆردۇم دەپ نېمە ئىش بۇ ، بۇ نېمە قىلىق ، چاپانلىرىغا چاچقان قايسى جومباقنىڭ يۇندىسى ؟ — دېسەم كۆزىنى ئالايتىپ ئارقىدىن مۇشت تەڭلەيدۇ قارىسىلا .

ئۇ ئەمدى هىقىلداپ يىغلاپ كەتتى . كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك ئۇنلىدى ، خېلىغىچە بېسىقمىدى ، مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەي دېدىمۇ لېكىن مۇۋاپىق گەپ تاپالماي قول ياغلىقىمدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتۈم .

ئۇ سەل پەسكويغا چۈشۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى .

— ئۇ نېمە دەيدۇ دېمەملا ئۇكام ، « هە نېمە دەيسەن ، ياكى سەندەك كىرسوپۇن پۇراپ يۈرسەم بولامتى ؟ سەنمۇ خوتۇن بولدۇڭمۇ ؟ ئىچ كىيىملىرىڭگە قاراپ باق ، نەچچە يېرىڭگە ياماق سېلىنغان ، يا ئۆزۈڭنى خۇش قىلالمىغان ، ياخەقنى » دېمەمدۇ . يۈرەكلىرىم قان بولۇپ كەتتى ئۇكام ، بىر هېسابتا ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا بولدى . مەن مائاشنى تېجەيمەن ، ئۆي تۇتىمەن ، بالا باقىمەن ، ئوغۇل ئۆيلەيمەن دەپ ئۆمۈر بويى ئاددىي كىيىندىم ، خىزمەتكە بارسام ، توي - تۆكۈنگە بارسام ۋاي دېگۈدەك بىر ئىككى قۇر ئېگىن كىيىمىسەم ئۆيدە ئاددىي لېكىن پاكىزە چىت خالات بىلەن هېلى قازان بېشىدا ، هېلى تونۇر بېشىدا ئۆمىلەۋاتقان ، كىر - قات يۇغان ، دەزماللاۋاتقان ، غوجامغا ۋە ئوغۇللارغا نېمىنىڭ نوچىسى بولسا ئېلىپ كىيدۈرۈپ ، جامائەت ئالدىدا سۆلىتىگە سۆلەت قوشۇۋاتقان ئۆزۈمچۇ ، ئاددىي بولسىمۇ پاكىزىغۇ دەپ ئاتام زاماندا كىيگەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈۋاتقان . كىر

سوپۇندا قول يۇغانلىرىم بىشىمغا توقماق بولۇپ تەگدى ئۇكام ، ھېلىقى جومباقنى قانداقراق نىمىدۇ دېسەم ئەردىن ئەرگە چىقىپ ساندۇق توشتۇرغان ، تاپقىنىغا ئۇپا ـ ئەڭلىك ئېلىپ يۈز ـ كۆزىنى بويايدىغان بىر چاكچىلكەش ئىكەن . چاچقان ئەتىرى كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا پۇرايدىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگەندە ، جاھاندا مۇنداق ئىشلارمۇ بولىدىكەن ، مەنمۇ ئايالغۇ دەپ بازارغا چىقىشىم ئۇكام . مەنمۇ تازا چىرايلىق ئىچكى كىيىم ، تاشقى كىيىم سېتىۋالدىم . ماگىمۇ يارىشىدىكەن ، دېسىلە ئەتىر ـ پەتىر ، ئۇپا ـ سۇپا ، ماي ـ پاي دېگەندەكلەرنى ئالدىم . بىر تۇرۇپ كۇلگۇم كېلىدۇ . بۇنى سۇرسەممۇ يەنىلا « ئاتام ئېيتقان بايىقى » دېگەندەك قاتلاش قورۇقلىرىم شۇ پېتى تۇرار . بىراق ، بالدۇرراق ئويلىماپتىمەن ، بۇ ساددا ئەرنىڭ قېرىغاندا بۇنداق ئالجىيدىغىنىنى ، كىچىك ۋاقتىمدا كوچىدا ئانارخان پۆش ـ پۆش دەيدىغان بىر ساراڭ بولىدىغان ، ئاشۇ ئانارخان يۇزىگە كاكىلىدەك گىرىم قىلىۋالاتتى ، مەنمۇ ئاشۇ ئانارخان ساراڭدەك ساراڭ بولدۇممۇ ئەمدى دەيمەن .

— ياق ھەدە ، سىلە ساراڭ بولمىدىلا ، جاھان شۇنداق تۇرسا . « ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە » دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ، قىلغانلىرى توغرا بوپتۇ ، — دېدىم مەن كۇلۇمسىرەپ .

— ئۇكام بىر ئىشقا ھەيرانمەن ، مەنغۇ ئالتە غوجىنى ياق يەتتە غوجىنى ياساپ جابدۇيمەن دەپ شۇ كۇنگە قاپتىمەن . ئاۋۇ جومباقنى دەيمەن ، ئۇچ ئەرنى تۇرمىگە سولاتتى . بىرسى كۇنچىلىككە چىدىماي بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ مىشەك مانتىسى يېدى . تۇرمىدىكى بىچارىلەر ئاشۇ يىگناغۇچنى ياسايمەن ، ساندۇقنى توشتۇرىمەن دەپ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلىپ قويۇپ

ئۆمۈرلۈك تۈرمىگە بەند بولدى . بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇنداق يىگـ
ـناغۇچلارنىڭ ئەتىۋارلىنىپ ، بىزدەك جاپاكەشلەرنىڭ خارلىنىپ
قالغىنى قانداق گەپ ئۇكام .

مـەن بۇ بىچارە ئايالغا ئىچىندىم ، نىمە دىيىشىمنى بىلەلمە
ـدىم ، ئىككىمىز كوچىغا چىقتۇق .

ياز ئاپتىپى ئالەمنى قىزدۇرماقتا ، بىچارە ئايال بىلەن
خوشلىشىپ يولۇمغا ماڭدىم . ئۇ تەرلەپ ـ پىشقىنىچە ئاپتوبۇس
بىكىتىدە ئاپتوبۇس ساقلاپ قالدى .

1998 ـ يىلى

# ئىش ئىگىسى بىلەن

S شەھىرى كۆك يانتاق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچى ياسىنجاننىڭ تەشەببۇسى ۋە يۇقىرى تۆۋەنگە قاترىشى بىلەن كۆك يانتاق ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلىدىغان بولدى، ياسىنجان بۇنىڭ پىلان لايىھىسىنى تۈزۈپ پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا ئېلىپ باردى.

كومىتېت مۇدىرى ئىككى مەڭزى باغۋەنچىلىك مەيدانىدا يېتىشتۈرگەن سورتلۇق ئالمىدەك قىزىل، قورسىقى ئەنجان كاۋىسىدەك تومپىيىپ چىققان كىشى. ئۇ لايىھەنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ بىر لايىھىگە بىر ياسىنجانغا قارىدى.

خۇددى كىشىلەر تويدا قورساق تويغاندىن كېيىن بىر لىگەن پولۇنى بىر - بىرىگە ئىتتىرگەندەك لايىھىنى ياسىنجانغا سۈردى.

— ھە، ئىشىنىڭ بېشى ئۆزۈڭ بولغاندىكىن ئوقۇغىنا قېنى؟

— جەمئىيەتنىڭ مۇدىرى رىشتجان.

— كىم ئۇ، رىشتجان دېگەن، — دەپ بىر قېشىنى كۆتۈردى مۇدىر.

— باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى مۇئاۋىن تەتقىقاتچى،

مۇدىر ئۇنىڭ مەڭزىدە ساڭگىلاپ تۇرغان گۆش مېڭىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، چىرايىدا سوئال ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈردى.

— مۇئاۋىن مۇدىر ھەمراجان .
— كىم ئۇ ھەمراجىنىڭ ؟
— ھىم ، ھەمراجاننى بىلمەمسىز ؟ ئۇرۇقچىلىق پونكىتى-
نىڭ تېخنىكىغۇ ، سورتلارنى يېڭىلاپ تەتقىقاتچى ئۇنۋانى
ئالدىغۇ .
— ۋاي ۋۇي . مۇنداق دېگىن .
— يۇقىرىقىلار مۇدىرلىرى ، ئەمدى ئەزالىرى ئەمەت ،
گۈلباھار ، قادىر ، ھەمدۇل .
— ھەي ئۇكا ، قاپاق باشتە سەن . بىر ئىلمىي جەمئىيەتنى
قۇرغىن ، ئۇلارغا نەدىكى تېخنىكنى باغۇەننى ، ئۇلاقچىنى باشلىق
قىلىپ قويغىن ، « ئۆي ئىگىسى بىلەن ، قۇش مېڭىسى بىلەن »
دەپ ئاڭلىمىغانمۇ سەن نېمە .
— ئاڭلىشمىغۇ ئاڭلىغان ، بىراق مەن ئەمدى . . .
— ھە . . . توختاپ قالدىڭغۇ . . .
— مەن ۋىلايىتىمىزدە بۇلاردىن باشقىمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ
بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن .
— ھە ، بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى ، ئۇكا ، بىلمى-
گەندىكىن — بىلمەيمەن دېگىن — دە ، چوڭلارنىڭ ئاغزىغا
قاراشنى بىل ھە نەگە كېلىۋىدۇق ، ھە باشتىن باشلايلى ، قېنى
قولۇڭغا قەلەمنى ئال ، كۆك يانتاق ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ
مۇدىرلىرى ۋە مۇئاۋىنلىرى خۇدۇمبەردى ۋالىي ، چوڭاجى مۇئا-
ۋىن ۋالىي .
— نېمە ، نېمە .
— ئەنسىرىمە ئۇكا ، تەتقىقاتىڭنىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشى
ئۈچۈن شۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ .
— ئەمدى . . . ئەمدى ھەر ئىشنى ئۆز ئەھلى بولغان ئادەم

ئىشلىمىسە .

— ھە نىېمىدەپ يۈرىسەن ، بۇلار ئەھلى ئەمەسمىكەن ، تىل تەتقىقات جەمئىيىتى ، ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، كان تەتقىقات جەمئىيىتى ، سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى ، پۇتبول تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ باش مۇدىر ، پەخرىي مۇدىرلىرى مانا مۇشۇ كىشىلەر .

— ھە ؟

— ھە دەۋەرمەي قېنى قولۇڭغا قەلەمنى ئال ھەمدە سوپۇر چۇجاڭ ، مەتۋاقى شەنجاڭ ، پاڭ يامەت بۇجاڭ ، بۇلار ئەزالىرى .

— ئاھ ، بۇ ئەمدى . . . قانداق بولۇپ كەتتى بۇ ئىشلار . . .

— ئىش دېگەن مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ ، ئەتە جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىنى ئاچايلى ، ھە راست ، مېنىڭ ئەتە باشقا بىر يىغىنىم بار ، ئۆگۈن ئاچايلى ، سەن بۈگۈندىن قالدۇرماي ئۇقتۇرۇش تارقىتىۋەت .

# نۇزۇگۇم

(پوۋېست)

قەدىم قەشقەر دىيارىنىڭ بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە دىيانەتلىك ، بىلىم ـ ھۈنەرگە كامىل يۇسۇپ ئىسىملىك بىر كىشى بولغانىكەن ، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە گۈزەل ئايىلى بولغانىكەن ، ئايال توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز سائەتتە بىر قىز بوۋاق تەۋەللۇت قىلىپتۇ ، ئاتىسى ئۇنىڭغا نۇزۇگۇم دەپ ئات قويۇپتۇ .

كۈنلەر ئارقىسىدىن ئايلار ، ئايلار ئارقىسىدىن يىللار ئۆتۈپ قىزى تۆت ياشقا كىرگەندە ئاتىسى نۇزۇگۇمنى ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىدىغان مەدرىسگە باشلاپ كىرىپتۇ ، بۇ يەردە ئوغۇل ـ قىز بالىلار دەرس ئوقۇيدىكەن ، دەرسخانىغا ئۈچ قاتار پاكار ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ بالىلار قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇستازىدىن باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى سىنىپ بىلىملىرىنى ئالىدىكەن ، ئاتىسى قىزىنى بىرىنچى رەتكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ ، نۇزۇگۇم گىلەم ئۈستىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ . بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئېلىپبە تاختىسىغا تىكىپ ھەرپلەرنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ . كېيىن ھەرپلەرنى قوشۇپ سۆزلەرنى ، سۆزلەرنى قوشۇپ جۈملىلەرنى تۈزۈشنى ئۆگىنىپتۇ .

ھېساب دەرسىدە بولسا توققۇز رەقەم ۋە نۆل بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدا بارلىكى نەرسىلەرنىڭ ھېسابىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن قىز پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بىلىم ئېلىشقا

كىرىشىپتۇ .

ئايلار ، يىللار ئۆتۈپتۇ ، قىز بارغانسېرى ئەقىلگە تولۇپتۇ . ئۇ ماتېماتىكا ، گراماتىكا ، ئىلمىي نوجوم ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، ئەدەبىيات قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەرنى ئىگىلەپتۇ . بىلىمى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ، ئۇ مەدرىسىدە بارلىق باللارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ زېھنىگە بارلىق ئۇستازلىرى ، ساۋاقداشلىرى قايىل بولۇپ قالماستىن ئەھلى مەھەللە ۋە يىراق ـ يېقىندىكىلەرمۇ قايىل ئىكەن .

ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈۋېرىپتۇ ، نۇزۇگۇم ئەقىللىق قىز بولۇپ يېتىلىپتۇ . ئۇ خەت ساۋاتى چىقىشى بىلەنلا ئاتىسىنىڭ تاكچىدىكى كىتابلىرىنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ ، ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگىتىپ ، ئاتىسىنىڭ مەدرىستىكى بارلىق ئۆلىما ، مۇدەررىسلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپتۇ ، ئاتىسى ھېيتگار جامائەسىنىڭ ئالدىدىكى كىتابپۇرۇشلاردىن كىتاب ئەكىلىپ بېرىدىكەن ، ئۇ ئوقۇپ ھارمايدىكەن . ئۇ ئەمدى شېئىر ـ نەزمىلەرنى يادلاشقا باشلاپتۇ ، ئۇ ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دىن ئۈزۈندىلەرنى ، ئۇلۇغ شائىر ناۋائىنىڭ غەزەللىرىنى ، داستانلىرىنى ئوقۇپتۇ ، مىسرالارنى يادلاپتۇ ، تۈركىي تىلدا گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەخمەت يۈكنەكى ، لوتفى ، سەككاكى ، ئاتايى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپتۇ ، پارس تىلىدا ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان نىزامى ، ئۆمەر ھەييام ، ھاپىز شىرازى ، خىسراۋ ، دېھلەۋىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپتۇ .

ئايلار ، يىللار ئۆتۈپتۇ . قىز ئون ئىككى ياشقا كىرىپتۇ ، ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق ۋە يېقىملىق ئىكەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ توغاچلىق

بېغىدا ئەتىگەن — كەچتە باغدا ئىشلىگەچ ناخشا ئېيتىدىكەن ، ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى يىراق - يېقىنغا ئاڭلىنىپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ قەلبىنى ئۆز جايىدا توختاشقا مەجبۇر قىلىدىكەن .

ئايلارنى ئايلار قوغلاپتۇ ، يىللارنى يىللار قوغلاپتۇ . نۇزۇگۇم قاشلىرى بەرگى قىياقتەك ، ئېغىزلىرى ئويماقتەك ، كۆزلىرى بۇلاقتەك چىرايلىق ئەقىللىق قىز بولۇپ يېتىلىپتۇ . ئۇ ئەمدى ئۆزىمۇ شېئىر - غەزەللەر يېزىشقا باشلاپتۇ . ئۇ يازغان شېئىر - غەزەللەر ئەل ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلاپتۇ .

نۇزۇگۇم بىر كۈنى باغقا سۇ باشلاپتۇ ، ئېرىقتىكى سۇلار يېقىملىق ناخشىدەك ۋىلىقلاپ چۆنەكمۇ چۆنەك ئارىلاپ شىرىلداپ ئېقىشقا باشلاپتۇ ، قىزمۇ ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىلدىرلىشىغا جور بولۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ ، شۇ چاغدا دادىسىنىڭ شاگىرتى ئوت يۈرەك يىگىت باقى باغ تېمىنىڭ شورىسىدىن قاراپ نۇزۇگۇمنى كۆرۈپتۇ . ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى ، نۇرلۇق كۆزلىرى بۈگۈن باشقىچە جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، نۇزۇگۇم ، — دەپتۇ يىگىت .

— ئەسسالام باقى ئاكا ، — دەپتۇ نۇزۇگۇم .

— ئۇستازىم ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ ؟

— ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ ، نېمە بولدى ، بەك ئەنسىز كۆرۈنىسىزغۇ ، — دەپتۇ ، چېچەن قىز .

— ئەنسىزلىك ئەمەس . . . بۈگۈن . . . باقى گەپ قىلالماي قاپتۇ .

— نېمە بولدى ، دەڭا ، ئادەمنى ئەنسىرەتمەي ، — دەپتۇ قىز .

— بۈگۈن ئىشلار چاتاق ، نۇزۇگۇم بېيجىڭدىن كەلگەن

چىلىڭ لەشكەرلىرى شەھەرنى قورشىۋالدى .

— ھە ! — نۇزۇگۇم چۆچۈپ كېتىپتۇ . قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان يالىڭاچ خەلقلەر ، نارەسىدىلەر ، گۆدەكلەر ، قىز - ئاياللار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەپتۇ .

1826 - يىلى قەشقەردە مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىغانىدى ، ھۆكۈمدارلارنىڭ زۇلۇم ، زوراۋانلىقىغا ، تۈگىمەس - پۈتمەس ئالۋاڭ - ياساقلىرىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى خۇددى يانغىندەك يېنىپ ئۇ يەرنى ئۆچۈرسە بۇ يەردە بۇ يەرنى ئۆچۈرسە ئۇ يەردە لاۋۇلدايتتى ، خەلقنىڭ غەزىپى پەلەككە يەتكەنىدى . دېھقانلار ، ھۈنەرۋەنلەر ، كاسىپلار ، تىجارەتچىلەر قولىغا ئارا ، گۈرجەك ئېلىپ چىلىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى كۈرەشكە چىققانىدى ، بېيجىڭدىن كەلگەن ئاتلىق لەشكەرلەر قەشقەر خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى ، ئېلى جاڭجۈنىمۇ ئەسكەر ئەۋەتكەنىدى .

نۇزۇگۇم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئېغىلدىكى ئېتىنى توقۇپتۇ . ئاكىسى ئابدۇللانىڭ شىم - پەشتىمىنى كىيىپتۇ . دادىسىنىڭ بەلۋېغىنى بېلىگە باغلاپ بوۋىسىدىن مىراس قالغان خەنجىرىنى ئېسىپتۇ . سۇ ياقىلىغاندا ئىشلىتىدىغان كەتمىنىنى چاقلاپ پارقىرىتىپ قولىدا تۇتۇپتۇ .

— يا بىسمىللا ، — دەپ ئاتقا مىنىپتۇ . نۇزۇگۇمنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە غەزىپى يالقۇنلاپ تېشىپتۇ . ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا بىر نەچچە يىل بۇرۇن قوزغالغان خەلق قوزغىلىڭىدا قولغا چۈشۈپ ئېلىغا سۈرگۈن قىلىنغانىكەن . شۇنىڭدىن بېرى ، ئىز - دېرىكى بولمىغاچقا بىچارە ئانا تولا يىغلاپ دەرد - ھەسرەتتە قازا قىلغانىكەن . نۇزۇگۇمنىڭ قەھرى - غەزىپى يال-

قۇندەك لاۋۇلداپ يېنىپتۇ . ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ تۇمەن دەرياسى بويىغا چېپىپتۇ . سان ـ ساناقسىز دۈشمەن قوشۇنى يىغىلغان شەھەر ئاھالىسىنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالغانىدى .ياز ئايلىرى يە-غىم ـ تېرىمىنىڭ ئالدىراش چاغلىرى بولغاچقا يېقىن ـ يىراقتىن كەلگەن دېھقانلار ئۆز جايلىرىغا قايتقانىدى . شەھەردە شەھەر ئا-ھالىسىلا قالغان بۇ يەردە چېك لەشكەرلىرى بىلەن خەلق ئوتتۇ-رىسىدا قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتكەنىدى . ئۆلگەن ئادەمنىڭ ھېسابى يوق ، تۇمەن دەرياسى قىزىل قانغا بويىلىپ ئېقىۋاتاتتى .

نۇزۇگۇم ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ قارىسا ، بىر چېرىك بىر ئايالنىڭ بېشىغا قىلىچ تەگلەپ تۇرغانىكەن ، نۇزۇگۇم ئېتىنى ئوقتەك چاپتۇرۇپ چېرىكنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ كەتمەن بىلەن بىرنى سالغانىكەن ، چېرىكنىڭ بېشى ماكچىيىپ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپتۇ . ئۇ ئېڭىشىپ چېرىكنىڭ قولىدىن قىلىچنى يۇ-لۇپ ئاپتۇ . ئۇ قىلىچنى كۆتۈرۈپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كېتىپ-تۇ . ياۋ لەشكەرلىرى بۇ جەسۇر چاقماقتەك باتۇر ياش « يىگىت » نىڭ قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن يەر چىشلەپتۇ ، لەشكەر بېشى بۇ ئاجايىپ باتۇرنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى قانچىلىك قان تۆكۈلۈشكە قا-رىماي تۇتۇشقا پەرمان قىپتۇ .

ئۇن نەچچە چېرىك تور تاشلاپ بۇ باھادىرنى تۇتۇۋاپتۇ ، تورنى بېشىدىن ئالغاندا بېشىدىكى سالۋا تۇمىقى چۈشۈپ كېتىپ . ئۇنىڭ بوستاندەك قىرىق كوكۇل چاچلىرى يېيىلىپ تېقىمىغا چۈشۈپتۇ . ياۋ لەشكەرلىرى ۋە لەشكەر بېشىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتا چەكچىيىپ كېتىپتۇ .

ــ تۇۋا ، قىز بالىمۇ شۇنداق يامان بولامدۇ ، دەپتۇ بىر لەشكەر ، مەن بۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ شەھەر مەيدانىدا سازايى قىلىمەن دەپتۇ ئۇ قىلىچنى نۇزۇگۇمنىڭ بويىنىغا تەگلەپ .

— توختا ، — دەپتۇ لەشكەرلەرنىڭ قوماندانى چوڭقۇر ئويلىنىپ .

— بۇنى ئۆلتۈرگەندىن ئۆلتۈرمىگەن تۈزۈك ، — مەن بۇنى ئېلىغا ئاپىرىپ جاڭجۈن ئالىيلىرىغا تارتۇق قىلىپ نۇرغۇن سوۋغات ۋە مەنسەپ ئالىمەن .

مەردانە قىزنىڭ بوينىغا تەڭلەنگەن قىلىچ پەسكە چۈشۈپتۇ ، چېرىكلەر قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى بىلەن قولىنى باغلاپتۇ ، پۇتىغا كىشەن ساپتۇ .

تۇمەن بويىدىكى جەڭدە نەچچە مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى جېنىدىن ئايرىلىپتۇ . سان - ساناقسىز دۈشمەن لەشكەرلىرى قوزغىلاڭچى خەلق تەرىپىدىن يەر چىشلەپتۇ . تۇمەن دەرياسى قان بىلەن بويىلىپ قىپقىزىل رەڭگە كىرىپتۇ ، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپتۇ . چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرى ، رەستىلەر ، دۇكانلار ، مەسچىت - خانىقالارنى ، ئۆي - ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈپ كۇلگە ئايلاندۇرۇپتۇ . شەھەر ئاھالىسى سان جەھەتتىن ئاز بولغاچقا جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ لېكىن ئاخىرى كۈچلۈك دۈشمەن قوشۇنى شەھەرنى ئىگىلەپتۇ ، نەچچە مىڭ كىشىنى تىرىك تۇتۇپ كىشەنلەرگە بەنت قىلىپ تۈرمىلەرگە تاشلاپتۇ ، كاللىسىنى كېسىپ شەھەر دەرۋازىسىغا مىخلاپتۇ .

نۇزۇگۇم ۋە بىر مۇنچە قوزغىلاڭچىلار يامۇلغا ھەيدەپ كېلىنىپ قامىلىپتۇ . قاماقخانىنىڭ ئۆيلىرى تار ، بۇرگە ، چۇسا ، چاشقانلار قىمىرلايتتى ، سېسىقچىلىقتىن ئادەمنىڭ نەپىسى بوغۇلاتتى . قەشقەرنىڭ باتۇر ئوغۇل - قىزلىرى مانا مۇشۇ سېسىق گۇندىخانىدا ئازاب - ئوقۇبەت چەكمەكتە ئىدى ، ئۇلارنىڭ قولدىكى كويزىلار قوللىرىدىكى قان - تومۇرلارنى قىسسا ، پۇتىدىكى

كىشەنلەر ئوشۇقلىرىنى يېغىر قىلىۋەتكەنىدى . تارچىلىق ـ قىستاڭچىلىقتىن مىدىرلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، ئىشىكنىڭ كەينىدىكى تەرەت تۇڭى تولۇپ تېشىپ نىجاسەتلەر مەھبۇسلارنىڭ ئاستىغا ئاقماقتا ئىدى ، ھەركۈنى بىر نەچچە ئەزىمەت سوراققا ئېلىپ چىقىلىپ قىيىن ـ قىستاققا ئېلىناتتى . بەزىلىرى ، جانلىرىدىن ئايرىلاتتى .

نۆۋەت بۈگۈن نۇزۇگۇمغا كەلدى . ئۇنى سوراققا ئېلىپ چىقىشتى . ئۇ سوراقچىنىڭ ئالدىدا مەردانە تۇردى .

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— . . .

— نېمە ئىش قىلىسەن ؟

— . . .

— نېمىشقا قوزغىلاڭغا قاتناشتىڭ ؟

— سىلەرنى يوقىتىپ ، ئەركىن ياشاش ئۈچۈن .

— ساڭا ئەركىنلىكنىڭ نېمە كېرىكى ، سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭ بولمامدۇ .

— ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن كىشى ئىكەنسەن ، پاتراق ئەرگە تېگىپ بالا تۇغۇپ بالاڭنى باقساڭ بولمامدۇ ، — دېدى يەنە بىر سوراقچى مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن .

نۇزۇگۇم يۈرىكىدە قايناپ ـ تاشقان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىككى كۆزىگە مۇجەسسەم قىلدى .

— ھەممىمىز ئادەم ئاتا ، ھاۋا ئانىنىڭ ئەۋلادى ، ھەممىمىز دۇنياغا يالىڭاچ تۇغۇلغان ، زېمىنغا چۈشكەندىن كېيىن بىرىمىز ئېگىز ، بىرىمىز پەس ، بىرىمىز خوجايىن ، بىرىمىز قۇل بولدۇق ، ساڭا كېرەك بولغان ئەركىنلىك نېمىشقا ماڭا كېرەك بولمايدىكەن .

— نېمشقا بىزگە قارشى تۇرىسەن ؟
— سەنلەر ئۆز زېمىنىمدا ، ئۆز يېرىمدە مېنى ۋە مەندەك سان - ساناقسىز كىشىلەرنى قۇل ئورنىدا كۆرۈپ ئېزىپ زوراۋانلىق قىلىشتىڭ . ئۆلتۈرۈپ چېپىپ تۈرمىلەرگە تاشلاشتىڭ . دارغا ئاستىڭ ، سەنلەرنى يوقىتىپ ، ئەركىن - ئازادە ياشاش بۇيەردە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئىنساننىڭ يۈرەك ئارزۇسىدۇر . سەنلەرنى يوقاتماي بىزگە ياخشى كۈن يوق . بىزگە ھۆرلۈك كېرەك . ئۇچار - قانات جېنىدا قەپەستە ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ .
— پاھ ! مۇنۇ نېمە خېلى گەپدانكەنغۇ ، ئۇنىڭغا ئەركىنلىك ، ھۆرلۈكنىڭ تەمىنى تېتىپ قويۇڭلار .
نۇرۇگۇم ئادەم سياق ئالۋاستىلار ئىجاد قىلغان بارلىق قىيىن - قىستاقلارغا چىدىدى ، تىرناقلىرىنىڭ ئاستىغا مىخ قېقىلغاندىمۇ ، تېقىمىغا كالتەك قويۇپ ، ئۈستىدىن كۆتەك بىلەن باسقاندىمۇ داد - پەرياد دېمىدى ، تاياق - توقماق دەستىدىن بەدەنلىرى تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتتى . كۆكلەكلىرى قان بىلەن دۇمبىلىرىگە چاپلىشىپ كەتتى .
— شېرىكلىرىڭ كىملەر ؟
— خەلقىم ، ئېزىلگەن ، خارلانغان ، نامراتلىشىپ كېتىۋاتقان خەلقىم . ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان خەلقىم .
— ئۇنىڭ ئەركىنلىك دېگەن تىلىنى سۇغۇرۇۋېلىڭلار .
يەنە بىر سوراقچى سوراقچىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى :
— غوجام ، ئۇنىڭغا قوماندانىنىڭ كۆزى چۈشكەن ، ئۇنى ئىلى جاڭجۇنىغا سوۋغا قىلماقچى بولغان ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە زىيان - زەخمەت يەتمىسە بولارمىكىن .

سوراقچى قولىنى شىلتىدى ، ئىككى يايى نۇزۇگۇمنىڭ

قـوللىرىنى قويۇپ بەردى ، نۇزۇگۇم پالاقىدە يەرگە يىقىلدى ، ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى .

تـۇرمىلەر تۇتقۇن قىلىنغانلار بىلەن تولدى ، ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغالغان باتۇر ئوغۇل - قىزلىرى قـاپقاراڭغۇ زەي زىندانلاردا پەرياد چەكمەكتە ئىدى ، ياۋ لەشكەر- لىرى قېرى - چۈرى ، بالا - چاقىلارنى ئۆلتۈرۈپ ياشلارنى ، كارغا يارىغۇدەكلەرنى تۈرمىلەرگە بەند قىلغانىدى .

تاڭ سەھەر ، ئاسمان تېخى سۈزۈلمىگەنىدى . نۇزۇگۇم كويزا بوغۇۋېتكەن قوللىرىنى سەل مىدىرلاتتى ، بىلەكلىرى ئۇ- يۇشقان ، سىزىمى يوقالغانىدى ، كۆتەك ① سېلىنغان پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى ، ئۇ ئۆرۈلمەكچى بولدى .لېكىن ، يارىلانغان تـېنىنى زەي يەرگە يېقىپ ياتقان تۇتقۇنلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مى- دىرلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، قىيىن - قىستاقتىن كېيىن نۇزۇ- گۇمنى چالا ئۆلۈك ھالدا ياتقان تۇتقۇنلار ئارىسىغا ئېلىپ كېلىپ تاشلىغانىدى ، ئۇ نۇرلۇق كۆزلىرىنى كىچىككىنە تار پەنجىرىگە تىكتى ، ئاسمان ھۆكۈمرانلارنىڭ قەلبىدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى .

زالىم پەلەك زار قاقشاتتى ،
ئاتتى ، چاپتى دارغا ئاستى .
نى يىگىتلەر ، سۇلۇن قىزلار ،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى .

ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك ، يېقىملىق ئاۋازى زۇلمەت بـاسقان كېچىنى ئويغاتتى . بىدار ياتقان تۇتقۇنلار ئۇنىڭ ئاۋازىغا

① كۆتەك — بىر خىل جازا قورالى ، ياغاچتىن ئويۇلۇپ ، پۇتىغا سېلى- نىپ قۇلۇپلىنىدۇ .

جور بولدى ، ياڭراق بىر ناخشا كېچە ئاسمىنىنى جاراڭلاتتى .

يانسۇن ، يانسۇن زالىملار ،
تاجۇ تەختى گۇم بولسۇن .
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى ،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن .

ناخشا ئاۋازى تۈن كېچىدەك كۆڭلى قارا يايىلارنىمۇ ئويغاتقانىدى ، ئۇلار تاياق ـ توقماقلىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى . تاراقلىتىپ ئىشىكنى ئاچقان قېرى يايى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى :

ــ ئۈنىڭنى ئۆچۈرۈش ، ھېلى بىكار جېنىڭنى ئالىمەن .

ناخشا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى ، بىر نەچچە يايى كىرىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا تاياق ـ توقماقلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى ، لېكىن دولقۇنلىغان دەريانى كەتمەنلەپ توختاتقىلى بولمىغاندەك خەلقنىڭ غەزەپ ناخشىسىنىمۇ توختاتقىلى بولمىدى ، بولۇپمۇ نۇزۇگۇمنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

تاڭ سۈزۈلدى ، خەلق ياۋاغ دەرۋازىسى[1] ئالدىغا توپلىشىپ كۆزلىرىنى شەھەر تەرەپكە تىككەن ھالەتتە تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر مويسىپىت ئاقساقال بوۋايمۇ بار ئىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى تۆت بولغان ھالدا يولغا قارايتتى ، بىر چاغدا تۇتقۇنلار سېپى كۆرۈندى . ئۇلار ئۇزۇن ئارقانلار بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىلغان ھالدا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى ، ئۇلار ياۋاغ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى ، ئۇلار خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئۆتمەكتە . ئۆز ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ، جان ـ جىگەرلىرىنى ئۇزىتىۋاتقان قەشقەر خەلقى

[1] قەشقەر سېپىلىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى .

ئۇلارغا ئىنتىلدى، لېكىن چېرىكلەر سىم قامچىلار بىلەن دەررىلەر بىلەن ئۇرۇپ، ئاتلار بىلەن چەيلەيتتى، مەھبۇسلارغا يېقىن كەلتۈرمىدى.

تۇتقۇنلار سېپىدە كېلىۋاتقان نۇزۇگۇمنىڭ كۆزلىرى خالايىققا تىكىلگەنىدى، ئۇ كىمنىدۇر ئىزدەيتتى، «جېنىم ئانام، مېھرىبان ئاتام، ئاكامدىنمۇ ئايرىلدىڭ، مەندىنمۇ جۇدا بولدۇڭ، سېنىڭ دەردمەن تېنىڭ بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كۆتۈرەلەرمۇ»

ئۇ ئاخىر ئىزدىگەن ئادىمىنى تاپتى. ئۇ گەۋدىلىك كەلـگەن چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، سالاپەتلىك مويسىپىت كىشى نۇزۇگۇمنىڭ دادىسى ئىدى، نۇزۇگۇم دادىسى تەرەپكە ئىنتىلدى، لېكىن چېرىكلەر ئۇنىڭ يولىنى توستى، نۇزۇگۇمنىڭ ئاۋازى جاراڭلىدى:

خەير ئاتا مېھرىبانىم،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كۆزلىرىم ئاقۇ قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ئەكس ئېتەتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى ساقاللىرى ئارىسىغا كىرىپ مەيدىسىگە تامچىلايتتى، ئۇنىڭ تىترىگەن ئاۋازى توپا چاڭلىق ھاۋادا ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

خەير قىزىم نۇزۇگۇم،
ئەقلى تازا يۇلتۇزۇم.
كۇلپەت چۈشتى بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ قۇندۇزۇم.

ئۇ تىترىگەن قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى :
« ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ! »
چېرىكلەر نۇزۇگۇمنى دۇشكەللەپ ئىتتىرىپ ئېلىپ كەتتى . بېچارە بوۋاي قىزىنىڭ ئارقىسىدىن ئىنتىلدى ، لېكىن توپنىڭ ئارىسىدىن يېرىپ چىقالمىدى .

ئامراق قىزىم نۇزۇك ئاي ،
ھېچكىم مەندەك بولمىغاي .
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم ،
قاناتىمدىن قايرىلدىم .

دەپ داد ـ پەرياد چەككىنىچە توپىغا يىقىلىپ قالدى ، نۇزۇگۇمنىڭ كۆزلىرىمۇ مېھرىبان دادىسىغا تىكىلگەن يۈرەكلىرى قان زەرداپقا تولغان ھالدا ئېلگىرىلەيتتى .
« جېنىم ئاتا ، سېنى يەنە كۆرەر كۈن بولارمۇ ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يارۇ ـ بۇرادەرلەر ، سىلەرنى يەنە كۆرەر كۈن بولارمۇ ؟ شەرقىنىڭ گۈل تاجىسى ، ئېلىم ـ مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى ئەزىزانە قەشقىرىم سېنى يەنە كۆرەلەرمەنمۇ ؟ مېھرىبانىم جان دادا ، سەن مېنىڭسىز قانداق قىلارسەن ؟ سەن بۇ دەرد ئەلەمگە چىدىيالارسەنمۇ ؟ » دېگەن خىياللار قىزنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈم سۈرەتتى . ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ دەرد ـ ھەسرىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەشكىنىنى كۆرۈپ مۇنداق ناخشا ئېيتاتتى :

بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن ،
يارۇ دوستلار ياخشى قال .
كۆزلىرىم ئاقۇقاراسى ،

## قەشقەر شەھىرىم ياخشى قال .

ئۇ ئەزىزانە قەشقەر بىلەن ئورۇق ـ تۇغقان ، يار ـ دوست-لىرى ، مېھرىبان دادىسى بىلەن ئەنە شۇنداق دەرد ـ ھەسرەت ئىچىدە خوشلاشتى .

مانجۇ ئەكسىيەتچىلىرى قەشقەر خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرۇپ ، ئەزىزانە قەشقەرنىڭ باتۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنى كويىزا ـ كىشەنلەرگە بەند قىلىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلدى .

تاڭ سەھەر ، تاغ شامىلى تاغ باغرىدىكى گىياھلارنى تىت-رەتمەكتە . داق يەردە تۈنەپ چىققان تۇتقۇنلارنىڭ ئورۇق ئەتلى-رىنى تىترەتمەكتە . چېدىر بارگاھلاردا تۈنەپ چىققان لەشكەر بېشى چاپىنىغا تېخىمۇ مەھكەم ئوراندى ، ئۇ قىسماق كۆزلىرىنى يۇمدى ، لېكىن ئەمدى ئۇيقۇسى قاچقانىدى . ئۇ يېنىدا ياتقان غالچىسىنى تېپىپ ئويغاتتى .

— ھوي ئۆلۈمتۈكلەر ، ئۇخلاۋېرىشەمسەن ، قوپۇش . ئاۋۇ بالا ـ قازانى ئويغىتىپ ئېلىپ مېڭىش .

يايى چاچراپ قوپتى . چاپاق كۆزلىرىنى ، ئوڭ مەڭزىگە ئېقىپ قالغان شالىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى ، بىر نەچچە چېرىكنىمۇ تېپىپ ئويغاتتى . سىم قامچىسىنى ئېلىپ تالاغا چىقىپ سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلىدىن شۈركەندى ، يەردە ياتقان مەھبۇسلارغا ۋار-قىرىدى .

— قوپۇش ، ھەي ئۆلۈمتۈكلەر !

مەھبۇسلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇلارنى قورشاپ ياتقان چېرىكلەر مىلتىقىنىڭ سىتوۋلىغا تايىنىپ ئۇخلاشماقتا ئىدى . يا-يىنىڭ ئاچچىقى كەلدى ، ئۇ جېنى چىققۇدەك ۋارقىرىدى :

— قوپۇش ھوي غالچىلار ، كاللاڭنى كېسىپ كەتسىمۇ

تۇيمايدىغان ئوخشايسەن .

چېرىكلەر قوزغىلىشتى ، ئورنىدىن تۇرۇپلا سىم قامچىلە-رىنى ئىشقا سېلىپ مەھبۇسلارنى ئويغىتىشقا كىرىشتى ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن مەھبۇسلار ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلسىمۇ لېكىن پۇت - قوللىرى قوزغىلىشقا يار بەرمەيتتى ، پۇت - قولىغا كويزا - كىشەن سېلىنغان نۇزۇگۇم ئۇيقۇسىز كې-چىنى تەستە تاڭ ئاتقۇزدى ، شەرق تەرەپ تېخى ئاقارمىغانىدى ، قەيەردىدۇ قانداقتۇر بىر قۇشنىڭ مۇڭلۇق سايرىشى ئاڭلاندى ، نۇزۇگۇم ناخشا ئېيتتى :

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ ،
ئۈنى ھەر جايدا غېرىب .
كەل كاككۇك ئاشنا بولايلى ،
سەن مۇساپىر ، مەن غېرىب .

تاياق توقماق ، تىل - ئاھانەتلەر مەھبۇسلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزالمىغانىدى ، نۇزۇگۇمنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى بۇ غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ دىلىنى ئەزدى . ئۇلار ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈشتى ، نۇزۇگۇم ناخشىنى داۋاملاشتۇردى .

مۇز داۋاننىڭ يولىدىن ،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ .
ئىلىخوغا بارغۇچە ،
جېنىمىز ئامان بارمۇ .

ياز ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي مۇز داۋاندا سۈس قار ياغقا-نىدى ، ئۇنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى . مەھبۇسلارنىڭ كىيىمى

يېلىك ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنىڭ يېرىقلىرىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغانىدى .

نۇزۇگۇم ئورنىدىن تۇردىيۇ ، لېكىن دەسسىيەلمىدى ، تا- پىنىدىكى يېرىلغان يەردىن يەرگە دەسسىشى بىلەنلا قان ئېقىشقا باشلىدى . چېرىكلەر كېلىپ سىم قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىشقا باش- لىدى ، نۇزۇگۇم ئورنىدىن قوزغالدى ، چېرىكلەرگە قەھرى بىلەن قادالدى ، ئۇ ماڭغاندا تاپىنىدىن ئاققان قان يەرگە تامغا باستى . ئۇ :

ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ ،
يولتۇزلارمۇ كۆچۈپتۇ .
گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن ،
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ .

دەپ ناخشا ئېيتتى .

بىر چېرىك قامچىسىنى كۆتۈرۈۋېدى ، يەنە بىر قېرى چېرىك ئۇنى توسىدى :

— بولدى قوي ، ئاۋارە بولما ، قانچە ئۇرۇپ تىللىساڭمۇ ئۇ دەيدىغىنىنى دەيدۇ ، ئېيتىدىغىنىنى ئېيتىدۇ .

ئارقىدا قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى . ئالدىدىكىلەر ئارقىسىغا قاراشتى . ئورنىدىن پات قوزغىلالمىغان ئاغرىقچان بىر تۇتقۇننىڭ بېشىدا قامچىلار ئوينىماقتا ئىدى ، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى ، يې- رىلغان بېشىدىن ئاققان قان پېشانىسىدىن سىرغىماقتا ، سوغۇق شامال ئۇنىڭ يەكتىكىنىڭ پېشىنى يەلپۈمەكتە . ئۇ ئوچۇق كۆز- لىرى بىلەن تۇمان باسقان كۆككە تىكىلگىنىچە يېتىپ قالدى .

مەھبۇسلار كويزا - كىشەنلىرىنى شالدىرلىتىپ ئازابلىق سەپىرىنى باشلىدى ، شەرق تەرەپ بېلىق قورسىقىدەك ئاقىرىشقا

باشلىدى .

مۇز داۋان ، بىر تەرەپ تاغ ، بىر تەرەپ چوڭقۇر غار ، يول ئىنتايىن تار . قارىغان كىشىنىڭ بېشى ئايلىنىپ تېنى جۇغۇلداي-دۇ ، سەللا دىققەت قىلمىغان كىشى چوڭقۇر غارغا غۇلايدۇ ، بە-زىدە كېتىۋاتقان ئات — تۆگىلەر يۈكلىرى بىلەن غارغا غۇلايدۇ ، چوڭقۇرلۇقتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ .

ئەمدى چېرىكلەر ئات — تۆگىلەردىكى قىممەتلىك بۇ-يۇملار ، ئالتۇن — كۆمۈشلەرنى تۇتقۇنلارغا ئارتىپ قويغانىدى ، نۇزۇگۇمۇ دۈمبىسىگە تېڭىلغان ئېغىر يۈكتىن مۈكچەيگىنىچە ئىلگىرىلىمەكتە . ئۇ جۈدىگەن ، سارغايغانىدى . ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىنىغان ، ئۆسكىلەڭ كىرپىكلىرى تېخىمۇ ئۇزارغانىدى . ئۇ سەل توختاپ ئېڭىشتى — دە ، دۈمبىسىدىكى يۈكنى ئۆرە قىلدى ، تىزلىنىپ بېلىنى رۇسلىدى ، بىر ياش يىگىت دۈمبىسىگە تېڭىلغان يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن تىزلىرى تىترەپ ما-ڭالماي قالدى ، بىر نەچچە چېرىك ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى .

— ماڭمامسەن ئۆلۈمتۈك ، ھېلى بىكار جېنىڭنى ئالىمەن .

— بىلگىنىڭنى قىل تويدۇم مۇنداق جاندىن ، — دېدى يىگىت كەينىدىن يېتىپ كەلگەن چېرىكلەر نېمە بولغىنىنى سو-رۇشتۇردى .

— ئۆلگۈسى كەپتۇ بۇ چەنتۇنىڭ ، — دېدى بايىقى چې-رىك .

چېرىكلەر ئۇنى سىم قامچا بىلەن باش كۆزلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى ، يىگىت تاياق ، تېپىك دەستىدىن جېنىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدى . دۈمبىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆزىنى ئوڭشىيالماي داۋاندىن ئارقىسىچە ھاڭغا غۇلاپ كەتتى . چوڭقۇر

ھاگدىن گۈلدۈرلىگەن سادالار ئاڭلاندى ، خىلنىچە بۇ سادالار قۇلاقلارغا ئاڭلىنىپ تۇردى .

نۇزۇگۇم ئېغىر ئۇھ تارتتى ، ياش يىگىتكە ئىچى ئاغرىدى ، بىراق ئۇنىڭ پۈت ـ قوللىرى كىشەنلەنگەن ، ئۇ نېمە قىلالىسۇن ؟

مۇز داۋاندا قار ياغدى ،
تۈزلەڭدە يامغۇر .
دەردمەنلەرگە كۈن بەرمەس ،
دۈۋاڭ چېرىكى قانخور.

ئۇنىڭ غەزەپلىك ناخشىسىنى ئاڭلىغان مەھبۇسلارنىڭ قەددى تۈزلەندى ، كىشەنلەر جالاقلىدى ، چېرىكلەر مەھبۇسلارنىڭ روھىدىكى غەزەپلىك ئۆزگىرىشلەرنى بايقىسىمۇ لېكىن ئامالسىز ئىدى ، چۈنكى بۇ بىكارلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىلىغا تىرىك ئاپىرىشقا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بار ئىدى ، بىر چېرىك نۇزۇگۇمغا بىر قامچا ئۇردى .

— ئۇنۇڭنى ئۆچەر .

باشقا بىر چېرىك ئۇنى ئاگاھلاندۇردى :

— بۇنى تىرىك ئاپىرىشقا لەشكەر بېشىنىڭ بۇيرۇقى بار .

— ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ، كەچكىچە بولمىغۇر ناخشىلارنى توۋلىغىنى توۋلىغان .

— ئۇ نېمە قىلالايتتى ، قورال ۋە كۈچ بىزنىڭ قولىمىزدا ، ئىت قاۋاۋېرىدۇ ، ھايان قەلەندەرنىڭ دېگەن بىر تەمسىلى بار ئۇلارنىڭ ، سەن ئۇنى ئاڭلىغانمۇ ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ،

چېرىكلەر مەھبۇسلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە كېتىۋاتماقتا ، ئاچلىق ھارغىنلىق ، كېسەلدىن تېنى ئاجىزلاپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن تۇتقۇنلارنىڭ سېپىدىن ھەركۈنى دېگۈدەك يىقىلىپ ئاي دالادا ئۆلۈكى قالدىغانلار چىقىپ تۇراتتى . بۈگۈنمۇ تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا ھېلىقى ياش يىگىت مۇز داۋان غارلىرىدا قالدى .

قەشقەردىكى قوزغىلاڭدىن تەرەپ ـ تەرەپتىكى تۇتقۇن قىلىنىشلاردىن ئامان قالغان باقى يىگىت ۋە بىرنەچچە قوزغىلاڭچى مارالبېشى جاڭگاللىرىدا توغراق سۆكسۆكلەرنى ماكان ئەتتى ، كۈندۈزى كۆتەك كولاپ بازارغا كىرىپ سېتىپ جانلىرىنى جان ئەتتى ، كېچىلىرى بولسا يول توسۇپ مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ پوچتا ھارۋىلىرىنىڭ جاجىسىنى بەردى . ئۇلار قەشقەر تەرەپتىن بىرەر شەپە ئاڭلاشقا تەشنا ئىدى ، بىراق ساپلا كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر كېلەتتى .

بۈگۈن نامازشام بىلەن بازاردىن يانغان ياسىن ئوتۇن ساتقان پۇلغا ئېلىپ كەلگەن ئۇن ، گۆش ـ مايلارنى يەرگە تاشلىدى ، بەلبېغىدا يۈزىنى سۈرتتى ، ئۇنىڭ دەررۇ گەپ باشلىماي بىئارام قاراشلىرى باقىنى تاقەتسىزلەندۈردى .

— گەپ قىلە ئاغىنە ، نېمانداق ماتاڭ چىشلىۋالغاندەك جىم تۇرىسەن .

— گەپ قىلسام ، قەشقەردىكى تۇتقۇن قىلىنغانلارنى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپتۇ ، ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ .

— ئاپلا قانداقلارچە بىز شۇنداق مۇھىم خەۋەرنى ۋاقتىدا ئاڭلالمىدۇق ھە .

— ئۇلار ئادەم بار جايلاردىن كېچىسى ئۆتىدىكەن ، چۆل - جەزىرىلەردە كۈندۈزى ماڭىدىكەن .
— خەقلەر بىلمىسۇن دېگەن - دە ، مەلئۇنلار .
باقى بىر نېمىنى جىددىي ئويلاۋاتقاندەك جىمىپ كەتتى . ياسىن يېنىدىكى يېڭىسار پىچىقىنى چىقىرىپ گۆش - مايلارنى توغرىدى ، بىر نەچچە باش پىيازنى توغراپ ئارىلاشتۇردى ، بىر ياش يىگىت خېمىر يۇغۇردى . خېمىرنى يېيىپ قىيمىنى تۆكتى . سۆكسۆكلەرنىڭ شېخىدا ياققان گۈلخاننىڭ چوغلىرىنى ئالدىغا تارتتى . قوقاسنىڭ ئارىسىغا راسلانغان كۆمەچلەرنى كۆمدى ، بىردەمدىن كېيىن كۆمەچلەرنى ئۆرۈپ قويدى . ساغىرىپ پىشقان كۆمەچلەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماقلارنى ياراتتى ، يىگىتلەر ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشتى . كېيىن دۇئا قىلىشتى .
— يىگىتلەر كۆمەچتىن ئارتۇغراق پىشۇرۇپ ئالايلى ، يولدا لازىم بولىدۇ .
يىگىتلەر سەپەرگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندى ، شادلىنىپ ئىسقىرتىشتى .
— بالدۇرراق يېتىپ سەھەردە ئاتلىنايلى يىگىتلەر ،— دېدى باقى .
ھەممىسى توغراقنىڭ يۇمران شاخلىرىنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ چەكمىنىنى غېرىبچە يېپىنىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى .

تۇتقۇنلار تارىم چۆللىرىدىن مۇز داۋانلىرىدىن ئېشىپ توقسان نەچچە كۈندە ئىلىغا يېتىپ كەلدى ، ئىلىنىڭ گۈزەل باغۇ - بوستانلىرى مانجۇ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قامال قىلىنغانىدى . ئۇلار قارا چېكەتكىلەردەك ھەممە يەردە يامرايتتى . مېھنەتكەش خەلق چىك لەشكەرلىرىنىڭ تويماس گېلى ، تولماس

يـانچۇقى ئۇچۇن قان تەر ئاققۇزۇپ ئىتىز ـ خاڭلاردا ئىشلەيتتى .

ئىلى دىيارىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى بۇ مەھبۇسلار-نىڭ كۆڭلىگە ئارام ۋە زوق بېغىشلىدى . لېكىن ، جاپاكەش خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتى ئۇلارنىڭ دىلىنى ئەزدى ، كوچىلاردا ياش يىگىت قىزلار كۆرۈنمەيتتى ، ئۇلار چىڭ ھاكىمىيتىگە قارشى كـۈرەشلەردە قۇربان بولغان ، نۇرغۇنلىرى زەي زىندانلاردا بۇرگە چۇسىغا يەم بولۇپ ، قىيىن ـ قىستاقلار دەستىدىن ياش جېنىدىن ئايرىلماقتا ئىدى .

چېرىكلەر قەشقەردىن كەلگەن بۇ مەھبۇسلارنى يامۇلنىڭ قاراڭغۇ ئۆيلىرىگە قامىۋەتتى . ئۇلار قۇياش نۇرىدىن ، ئەركىنلىك-تىن مەھرۇم بولۇپ قاراڭغۇ زىندانلارنىڭ تېگىدە ياتتى .

نۇزۇگۇمنى ئۇلار يالغۇز كامىرغا قامىدى ، ئۇلار نۇزۇگۇم-نىڭ جەسۇرانە ناخشىلىرىنىڭ مەھبۇسلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇ-شىدىن ئەنسىرەيتتى . نوزۇگۇمنىڭ ناخشىلىرى زەي زىندانلارنىڭ تاملىرىدىن ، قاراڭغۇ كامىرلارنىڭ پەنجىرىلىرىدىن ئۆتۇپ تۇمان باسقان قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىدا جاراڭلايتتى :

ئەپيۇن خۇمار جاللاتلار ،
ماجاڭ ئويناپ ياتىدۇ .
قاراڭغۇ زەي زىنداندا ،
نۇزۇك يالغۇز ياتىدۇ .

بېشىمىزدا جاللاتلار ،
قىلىچىنى ئوينىتار .
بۇ دوزاختىن نوزۇكنى ،
قانداق بىر جان ئاجرىتار .

نۇزۇگۇم ساۋاقدىشى ، سۆيگەن يارى باقىنى ئەسلىدى . ئۇ قوزغىلاڭدا مەنچىلىك چىرىكلىرىگە قارشى جەڭلەردە پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلغانىدى . نۇزۇگۇم ئەسىرگە چۈشۈپ باقىنىڭ نېمە كۈنلەرگە قالغىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى ، ئۇ ۋاپادار يارىنى ئەسلەپ ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكتى .

ئاكامنى تاپالماسمەن ،
تاپسام ئايرىلالماسمەن .
باقىنى كۆرۈپ ئۆلسەم ،
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن .

نۇزۇگۇم زەي زىنداندا يېتىپ جاپاكەش مېھرىبان دادىسىنى ئەسلىدى ، بىچارە دادام ، مېھرىبانىم دادام ، سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغانسەن . مەندىنمۇ ، ئاكامدىنمۇ ئايرىلدىڭ ، بۇ جۇدالىقلارغا قانداق چىداۋاتىدىغانسەن .

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى ، ئۇ مۇڭلۇق ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى :

جان ئاتامنى كۆرەلمەي ،
ئۆلۈپ كېتەر ئوخشايمەن .
نەۋ باھارغا يېتەلمەي ،
سولۇپ كېتەر ئوخشايمەن .

نوزۇگۇمنىڭ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار ئىدى ، قەشقەردە بىر نەچچە يىل بۇرۇن قوزغالغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭدا ئەسىرگە چۈشۈپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغانىدى ، نۇزۇ-

گۇم مېھرىبان ئاكىسىنى ئەسلەپ كۆز ياشلىرى قۇرىمىدى ، نۇ-زۇگـۇم زىندان تېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىچىككىنە كاماغا قارىدى ، ئۇ يەردىن ئاسماننىڭ بىر پارچىسى كۆرۈنەتتى ، نۇزۇگۇم كۆككە بېقىپ ناخشا ئېيتتى .

پۈتۈمدىكى كىشەننى ،
كەلگىن ئاكا چاقايلى .
يەكسان قىلىپ دۈشمەننى ،
قانلىرىنى چاچايلى .

قاراڭغۇ زىنداننىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ، چېرىكلەر نۇزۇ-گۇمنى يالاپ ئېلىپ چىقتى ، نۇزۇگۇم جۇدىگەن ، سارغايغان ، قىـيىن ـ قىستاقلار دەستىدىن ئۈستىدىكى كۆكرەك پۈرمە كۆڭ-لـىكى تىتىلىپ بەدەنلىرىدىكى قان داغلىرىغا چاپلىشىپ كەتكە-نـىدى . ئۇ بۇلاقتەك نۇرلۇق كۆزلىرىنى يورۇقتا كۆندۈرۈش ئۇ-چۈن چىملداتتى . كۈن نۇرىدا كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى ، چېرىك ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتەردى ، نۇزۇگۇم كەينىگە غەزەپ بىلەن بۇرۇلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يايىنىڭ چاپاق باسقان كۆزلە-رىگە ئوقتەك قادالدى ، نۇزۇگۇمنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ بىردىنلا يـىرگىنىشكە ئايلاندى ، ئۇ شالاققىدە تۈكۈردى ، يايى مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ قونداق بىلەن نۇزۇگۇمنى ئۇرماقچى بولدىيۇ ، يەنە قو-لىنى تارتىۋالدى ، لەشكەر بېشىنىڭ نۇزۇگۇمنى چوڭ ئەمەلدارغا تـارتۇق قىلىپ مۇكاپات ئېلىشنى ئېيتقانلىقى ئېسىگە چۈشتى ، شۇڭا ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈشتىن ئېھتىيات قىلدى ، ئەمما ئاغزىنى يىغالمىدى .

ـــ خەپ قانجۇق ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمىسەم .

— قولۇڭدىن كەلسە ئاسمىنىڭنى تاشلىۋەت يۇندىخور غالچا .

بۇ مۇشۇ يەرلىكلەردىن قوبۇل قىلىنغان چېرىك بولۇپ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن مەھبۇسلارنى تېخـــمۇ بەكرەك ئازابلايتتى ، باشقا مەھبۇسلارمۇ « پەس غال- چا » « يالاقچى » دەپ تىللاشتى ، چېرىك كۆڭلىگە يامان نىيەت پۈكسىمۇ لېكىن نۇرغۇن مەھبۇسلارنىڭ ھىمايىسىدىكى نۇزۇگۇمغا يامانلىق قىلىشقا ئامالسىز قالدى .

باشقا كامىرلاردىن كەلتۈرۈلگەن مەھبۇسلار يامۇلنىڭ ئال- دىدىكى مەيدانغا توپلىنىشىپ قوراللىق چېرىكلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە تۇرۇشاتتى . بۇ يەرگە ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مانجۇ ئە- مەلدارلىرى ، بەگلەر ، خوجايىنلار ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى يىغىلغانىدى ، ئۇلار خۇددى مال بازىرىدا مال تاللىغاندەك مەھ- بۇسلارنى ئارىلاپ كۆرەتتى . بىر ئەمەلدارنىڭ قول چوماقچىنىڭ كۆزى نۇزۇگۇمغا چۈشتى ، ئۇنىڭ ھۆسىن - جامالىدىن كۆزلىرى قامىشىپ ئەقلى ھوشىدىن ئايرىلاي دەپ قالدى .

— بۇ ، بۇنىڭ ئىسمى نېمە ؟

— ئىســمـى نۇزۇگوم ، ھە ، قانداق ساڭا ياراپ قالدىمۇ نېمە ؟

— يارىشى ياردى ، نەرخى . . .

لەشــكەر بــېشــى بىلەن يامۇلــدىكىلەر كۇسۇرلاشــتى . بۇ « بېشەم » قىز بالىنى سېتىۋېتىپ قۇلاقلىرىنى تىنجىتماقچى بو- لۇشتى . ئەگەر جاڭجۇڭگە سوۋغا قىلىنىدىغان بولسا جەزمەن مەنسىپى ئۆرلەيتتى . بىراق بۇ توسۇن تايىنى قېرى جاڭجۇن باش- قۇرالىسىغۇ ياخشى ، ئەگەر چاتاق چىقسىچۇ ، ئۇ چاغدا ... ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ مەنسىپى تۇرماق كاللىسى كېتىپ قېلىشى مۇم-

كـىن . ئەڭ ياخشىسى بۇنى سېتىپ پۇل قىلىپ كۆزدىن نېرى قىلىش ، جاڭجۇنغا ئالتۇن سوۋغا قىلىش كېرەك .

لەشكەر بېشى شۇ خىياللاردىن كېيىن نۇزۇگۇمنى سېتىپ قۇتۇلماقچى بولدى . سودا پىشتى ، ھەميانغا سېلىنغان تىللالار شاراقلايتتى ، ئېغىرلىقىدىن لەشكەر بېشىنىڭ بەلبېغىنى پەسكە باساتتى .

ئەمەلدارلارنىڭ يالاقچىسى نۇزۇگۇمنىڭ پۇت - قوللىرىنى بـوشاتتى ، ئۇنى ئاتقا مىندۈرمەكچى بولۇپ بېلىدىن تۇتۇۋېدى ، نۇزۇگۇم ئۇنى بىرنى تەپتى ، قېرى غالچا ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كـەتتى . نۇزۇگۇمنىڭ پەشۋاسىنى تېتىغان غالچا يەردە تۇرۇپ ۋارقىرايتتى .

ـــ خەپ توختا . . . خەپ توختا . . .

« توسۇن تاي » نۇزۇگۇمدىن قۇتۇلغان چېرىكلەر غالچىنىڭ ئەھۋالىغا تازا كۈلۈشتى .

نـۇزۇگۇم بىللە دەرد تارتقان بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي يۇلقۇناتتى . ئىچىدە زالىملارغا غەزەپ - نەپرىتى دېڭىزدەك داۋالغۇيتتى .

چوڭ يۇلتۇزغا بارغاندا ،  
ئوت ياقىمەن قومۇشقا .  
نەپرەت بىلەن قارايمەن ،  
مانجۇ بېگى گومۇشقا .

دەپ جاراڭلىق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ دەردمەن دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى .

ئەكسىيەتچى چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇمنى مانجۇنىڭ چوڭ بايلىرىدىن بىرىگە خۇددى مال بازىرىدا مال ساتـ

قاندەك سېتىۋەتتى ، « نۇزۇگۇم مانجۇنىڭ چوڭ بايلىرىدىن بى-
رىگە سېتىلىپ چوڭ يۇلتۇز يېزىسىغا ئېلىپ كېلىندى . »
خەلق داستانى « نۇزۇگۇم » دىن .

نۇزۇگۇم بىر نەچچە كۈنگىچە تەسكەيدىكى قاراڭغۇ ئۆيدە
ياتتى ، بەگ بىر ياققا كەتكەنىدى ، مانجۇ بېگىنىڭ خوتۇنلىرى
يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان دېدەكنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىشىپ ياقى-
لىرىنى چىشلەشتى .

— تۇۋا ، ئادەم بالىسىمۇ مۇنداق چىرايلىق بولامدۇ ، —
دېدى چوڭ خوتۇن قىسماق كۆزلىرىنى نۇزۇگۇمغا تىكىپ .

— باشلىرىغا بالا بولامدىكىن خېنىم ، — دېدى دېدەكلەر
خېنىمغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قارىشىپ .

خوتۇنلار باينىڭ خۇي پەيلىنى بىلگەچكە خېنىمغا ئا-
گاھلاندۇرۇش تەرىقىسىدە سۆزلەۋاتاتتى . چوڭ خوتۇن ئەنسىرەپ
قالدى .

بېگىم كەلدى ، ئىش چوڭ خوتۇنىنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك
بولدى ، ئۇ نۇزۇگۇمنى كۆرۈپلا ئەس - ھوشىدىن ئايرىلغۇدەك
بولدى ، مالايلارغا ھېچقاچان قىلمىغان ئىلتىپاتنى قىلىپ ھىڭگاك
چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى .

— ھاممامنى قىزىتىڭلار ، ئۇنى يۇيۇندۇرۇپ كىيىندۈ-
رۈڭلار .

نۇزۇگۇم يۇيۇندۇرۇلۇپ ، تاۋار - دۇردۇن كىيىم - كې-
چەكلەرگە ئورالدى ، گۈللۈك ئۆتۈك كىيگۈزۈلدى ، ئۇنىڭ ئۈچ
ئايدىن بېرى تارالمىغان چاچلىرى تارالدى . سۇمبۇل چاچلار
گۈللۈك چاپىنىدىن ئېشىپ ئەگىر تېقىمىغىچە چۈشۈپ يەلپۈنۈپ
تۇراتتى ، ئېلىپتەك بۇرنى ، گىلاستەك ئېغىزى ، بۇلاقتەك نۇرلۇق

كۆزلىرى كۆرگەن كىشىنى يەنە بىر قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى.
ئىككى غالچا ئۇنى غوجىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەندە ئۇ ئەپيۇن غاڭزىسىنى تۇتقىنىچە گىلەملەر ئۈستىدە پەر ياستۇققا قىڭغىيىپ ياتاتتى. باينىڭ قىسماق كۆزلىرى خۇمارلاشتى. كۆز-لىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ، مەغرۇر تۇرغان نۇ-زۇگۇمنى كۆرگىنىدە تىللىرى كالۋالاشتى.
خۇددى مۇلازىملار خوجايىنىغا يالاقچىلىق قىلغاندەك، باي نۇزۇگۇمغا خۇشامەت بىلەن ھىجايدى.
— خاپا بولما ئاپئاق قىز، بىر نەچچە كۈن ھاردۇقىڭنى ئالغىن، ئەمدى مېنىڭ دەرگاھىمدا جەننەتتىكى ھۆرپەرىدەك يا-شايسەن.
نوزۇگۇم ئۈندىمىدى.
غالچىلار نۇزۇگۇمنى ئېلىپ چىقىپ ئىچكىرىكى ھۇجرىلار-نىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇردى، بېگىم قول ئاستىدىكىلەرنى توي تەييارلىقىغا بۇيرۇدى.

نۇزۇگۇم ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن يىراقلارغا نەزەر سالاتتى. مېھرىبان دادىسىنى، ئاكىسى ئابدۇللانى، سۆيگىنى با-قىنى ئەسلەپ كۆزىدىن ياش قۇيۇلاتتى. دەردلىك ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى.

جان ئاتامنى كۆرەلمەي،
ئۆلۈپ كېتەر ئوخشايمەن.
نەۋباھارنى كۆرەلمەي،
سولۇپ كېتەر ئوخشايمەن.

ئاكامنى تاپالماسمەن،

تاپسام ئايرىلالماسمەن .
باقىنى كۆرۈپ ئۆلسەم ،
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن .

ئۇ يىراقتىن مال ھەيدەپ كېلىۋاتقان پادىچىغا ۋە ئۇنىڭ يايراپ كېلىۋاتقان ماللىرىغا قارىدى . مالچىنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭغا ئاكىسىنى ئەسلەتتى ، ماللار يېقىنلاپ قالدى ، نۇزۇگۇمنىڭ يۈ-رىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى .

— جېنىم ئاكا .

مالچى بۇ ياڭراق سادادىن ھەيران بولۇپ جايىدا توختاپ قالدى . ئۇ ئالدى كەينىگە ئالاقزادە بولۇپ قارايتتى .

— ئاكا ، — دېدى نۇزۇگۇم دېرىزىنى ئۇرۇپ .

ئابدۇللا ئەمدى ئاۋاز كېلىۋاتقان دېرىزىنى پەرق قىلدى ، تاياقنى تاشلىدى - دە ، دېرىزىگە ئۆزىنى ئاتتى .

— جېنىم سىڭلىم ، نۇزۇك گۈلۈم ، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن ؟ دادام ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ ؟

نۇزۇگۇم بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەملەرنى قىسقىچە بايان قىلدى .

ئابدۇللا ئۆزىنىڭ سۆرگۈنگە ھەيدىلىپ ئىلىغا كېلىپ مۇشۇ مانجۇ بېگىگە سېتىلغانلىقىنى سۆزلىدى . جانجىگەرلەر زار - زار يىغلايتتى . مېھرىبان دادىسىنى ئەزىزانە قەشقەرنى ئەسلەشتى .

مال پادىلىرىنىڭ يامراپ كەتكىنىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلگەن غالچا ئابدۇللاغا ۋارقىرىدى :

— ھەي ھارامتاماق ماللىرىڭنى قوتانغا سولىماي نېمە بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن ؟

غالچا ئابدۇللا قاراپ تۇرغان دېرىزىگە قاراپ نۇزۇگۇمنىڭ

جامالنى كۆردى ـ دە ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجايدى .

— ھـە ، نـىـمـىـشـقـا قارايدىكىن دىسەم بۇ يەردە ئاي بار ئىكەن ـ دە ، خەپ ، سەن يالاكتۆشنى خوجايىنغا چىقىپ ئاسقۇغا چىقارمىسام .

— ھەي ، پەسەندە غالچا ، نېمە كاپشىيسەن ، — دېدى نۇزۇگۇم غەزەپلىنىپ ، بۇ مېنىڭ ئاكام ، ئاللا قوشقان جانجىگەرىم . قېرىندىشىم .

غـالچا ھەقىقەتنى چۈشەندى ، خوجىسىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەتتى .

خوجايىن غالچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تـۇردى ، نۇزۇگۇم تۇرغان ھۇجرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئېرىنمەي پىخىلداپ يول يۈردى ، دېرىزىنىڭ تۆمۈر پەنجىرىسىگە ئېسىلىپ تۇرغان ئابدۇللا ۋە نۇزۇگۇمغا نەزەر سالدى ، ئىككىسىنىڭ چىرايىنىڭ شۇنداق ئوخشاشلىقىنى كۆرگەندە ھەيران بولماي تۇرالمىدى .

« بىر ھېسـابـتا بۇمۇ ياخشى بولدى » — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — قان ـ قېرىنداشلار بىر يەردە بولغاندىكىن بىر ـ بىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتەلمەيدۇ . مۇنۇ ئۆگەنمىگەن تايمۇ ياۋاشلاپ گەپكە كىرىپ قالار ، — دېدى ئۇ نۇزۇگۇمغا قاراپ .

توي باشلاندى ، شەھەردىن ئامباللار ، چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ، ھەرقايسى يۇرتنىڭ بەگ ، بۇجاڭلىرى بولۇپ ، نۇرغۇن ئادەم تويغا قاتناشتى ، بۇ يەردە يۇرت بىنا بولغاندىن بېرى مۇنداق تويىنىڭ بولۇشى بىرىنچى قېتىم بولسا كېرەك ، نۇرغۇن ماللار ئۆلـتۈرۈلدى ، قـازان ـ قازانلاردا گۆش ، پولۇ ۋە باشقا

نازۇ ـ نېمەتلەر قايناۋاتاتتى .

نوزۇگۇم بولسا ھۇجرىدا دەرد ـ ئەلەم ھەسرەت ئوتىدا پۇچۇلانماقتا ئىدى ، يۈرىكىدە مۇستەبىت مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا ، چىرىك ھاكىمىيەتكە قارشى غەزەپ نەپرەت لاۋۇلداپ ياناتتى . ئۇ ئۆز ئەلىمىنى ناخشا بىلەن ئىپادە قىلاتتى :

تۆگىلەر ياتۇر قامغاقتا ،
بىر ئاكام بار قالماقتا .
ئىنساپى يوق مەلئۇنىنىڭ ،
قەستى مېنى ئالماقتا .

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى ،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ .
نازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى ،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر قىزى نوزۇگۇم زورلاۋانلارغا باش ئەگمىدى ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ، ئار ـ نومۇسى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى ، ئۇلارنىڭ كۆكسىگە قىساس خەنجىرىنى سانجىدى .

كۈن كەچ كىردى ، ئەتراپنى زۇلمەت ئۆزىنىڭ قاپقارا پەركەنجىسىگە چۈمكىدى ، مېھمانلارنىڭ تارقىغانلىرى تارقىدى ، بەزىلىرى مەست بولۇپ ئۆز جايىدا تۆگىدەك موك چۈشۈپ قېتىپقېلىشتى ، چاكارلارمۇ ، دېدەكلەرمۇ بىر كۈنلۈك ئالدىراشچىلىقتىن كېيىن ئېغىر ئۇيقۇغا كېتىشتى .

شىسەن دالويىي ( نوزۇگۇمنى سېتىۋالغان مانجۇ بېگى ) دەلدەگىشىپ مېگىپ ئىككى دېدەكنىڭ ھەمراھلىقىدا خاس ھۇجرىغا كىردى ، ياسىداق ئۆينىڭ تۆرىدىكى چىملىدىقتا نوزۇگۇم

تاۋار توقا ، كىمخابلارغا پۈركەنگەن هالدا كۆزلىرىدىن قەهرى ـ غەزەپ ياغدۇرۇپ ئولتۇراتتى .

شىسەن دالويى نوزۇگۇمنىڭ جىم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ « ياۋاشلاپ قاپتۇ » دەپ ئويلىدى بولغاي ھىجايغىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلىدى .

ــ نازۇك ... ھەي نازۇكۇك ، سەن ياخشى بالاڭ ، قىز بالاڭ ، مەن سېنى سويىمەن .

ئۇ سۆيىدۇ دېيەلمەي سويدۇ دەۋاتاتتى .

دېدەكلەر پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى ، بىر دېدەك ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە گەپ ئۆگەتتى :

ــ بېگىم سويدو ئەمەس سۆيىدۇ ، دېسلە .

ــ نېمە كۈلۈش . ئوخشاش . . . ئوخشاش ، ــ دېدى لويى .

ــ بېگىم قىز دېگەننى سۆيىدۇ ، قوي دېگەننى سويىدۇ .

ــ ئوخشاش ، ئوخشاش ، مەن بۇ قوينى بۈگۈن سويىدۇ .

دېدەكلەر بېگىگە گەپ ئۆگىتىشتىن زېرىكتىمۇ ياكى ئۇيقۇسى كېلىشتىمۇ ئۇنى تېزلا يېشىندۇرۇپ نوزۇگۇمنى يېشىندۇرۇشكە قول ئۇزاتقانىدى ، ئۇنىڭ غەزەپلىك قىياپىتىگە قاراپ ئۇزاتقان قوللىرىنى يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشتى ، ئۇلار ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى .

شىسەن دالويى نوزۇگۇمگە ئېتىلدى ، قىزنىڭ ئۇستىدىكى كىمخاب چاپىنىنى يېپىشكە ئورۇندى ، نۇزۇگۇم ئاتا مىراس خەنجىرىنى ئالدى ـ دە ، لويىنىڭ كۆكسىگە غەزەپ بىلەن تىقتى .

مەستلىكتىن ئورنىدىن تۇرالمايۋاتقان لويى قوللىرى بىلەن خەنجەرگە يېپىشتى . بولمىدى ، ئۇنىڭ تىللىرى ساڭگىلىدى . يۈزلىرى پوكاندەك ئېسىلىپ كۆزلىرى چانقىدىن چىقاي دەپ

قالدى ، ئۇ چىملدىقتىن يۇملاپ يەرگە چۈشتى . قىسقا پۇتلىرى
تىپىرلاپ ـ تىپىرلاپ توختىدى ، نۇزۇگۇم ئۆزىنىڭ پۇتىغا يىقىل-
غان بۇ چوشقىنى زەرب بىلەن تېپىۋەتتى . نۇرغۇن بىگۇناھ ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنىغا ئىككى قولى بويالغان بۇ قانخور
ئەبلەخ ئاخىر نۇزۇگۇمنىڭ قولى بىلەن ئۆلدى .

نۇزۇگۇم ئۇستىدىكى تويلۇق كىمخاب چاپان ، دۇردۇن
كۆڭلەكلەرنى سېلىپ تاشلىدى ، بوخچىسىدىن ئۆزىنىڭ قەشقەر-
دىن كىيىپ چىققان گۈللۈك كۆڭلىكىنى ئالدى ئۇنى يۇيۇپ ياماپ
قويغانىدى ، ئانىسى تىكىپ بەرگەن كۆڭلەكنى يۈزىگە باستى ،
چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ، كۆڭلەكنى كىيدى ، بېشىغا ماپۇ گۈللۈك
دۇخاۋا دوپپىسىنى كىيىپ ئۇستىگە رومىلىنى ئارتىپ يۈزىنى ئو-
رىدى ، ئاياغىنىڭ شەپە بېرىپ باشقىلارنى ئويغىتىۋېتىشىدىن ئېھ-
تىيات قىلىپ يالاڭغىداق پىتى شىپىلداپ هويلىغا چىقتى .

ئارقا ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئېچىپ سىرتقا چىقتى ، تۆت
تەرەپكە ئېھتىيات بىلەن قارىدى ، بۇگۇن ئادەملەر چاكارلار ھەتتا
ئىتلارمۇ ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى ، نۇزۇگۇم ئوچوقچىلىقتا بىردەم
يۈگۈرگەندىن كېيىن دەرەخلىككە كىرىپ غايىب بولدى .

نۇزۇگۇمنىڭ قاچقىنىنى بىلگەن چېرىكلەر يامۇلغا خەۋەر
قىلىشتى . نۇزۇگۇمنىڭ ئاكىسى ئابدۇللانى تۇتۇۋېلىپ سوراق قى-
لىشتى . قىيناشتى ، قوللىرىدىن باغلاپ تۈگلۈككە ئېسىپ قو-
يۇشتى . لېكىن ئىقرار قىلدۇرالماي ئاپىرىپ يامۇلغا قامىۋەتتى . ئۇ
قاراڭغۇ زىندانلارنىڭ تېگىدە بۆرگە ، چۈسلارغا يەم بولۇپ يات-
قان مەھبۇسلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى ، چىلىڭ ھاكىمىيتىگە
قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرى مانا مۇشۇنداق يا-
مۇللاردا ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىپ ھاياتىدىن ئايرىلماقتا ئىدى .

يامۇلدىن يارلىق چۈشتى . تەرەپ ـ تەرەپكە ئات چاپارلار

مېڭىشتى. كوچا ـ كوچىلارغا ئېلانلار چاپلاندى، نۇزۇگۇمنى
تۇتۇش ئۈچۈن نەچچە يۈز چېرىك ئاتلاندى، ئۇلار گويا ئاسماندا
تور، يەردە قاپقان قۇرۇشتى، لېكىن نۇزۇگۇمنى تۇتالمىدى.

نۇزۇگۇم دەريا بويىدىكى قومۇشلۇققا يوشۇرۇندى، قو-
مۇش پىپەكلىرى يەلپۈنەتتى، قومۇشلۇق ئالتۇن رەڭ دېڭىزدەك
تاۋلىناتتى، نۇزۇگۇم قومۇشلۇقنى ماكان ئەتتى. ئۇ مۇنداق ناخشا
ئېيتتى:

قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
نازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى.
مەن نۇزۇگۇمنى تۇتۇشقا،
يۈزلەپ چېرىك يول توستى.

نۇزۇگۇم قومۇشلۇقتا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يوشۇرۇنۇپ
ياتتى. بۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە ئۇ ئاغزىغا بىر لوقما نان
سالمىدى، ئۇ شىسەن لويىنىڭ ئۆيىدە گېلىدىن نان، سۇ ئۆتمەي
تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلىغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغانىدى. توي
كۈنى ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن نازۇ ـ نېمەتلەرگە نەزەر كۆزىنىمۇ
سېلىپ قويمىغانىدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ قورسىقى كوكىراپ، مەيدىلىرى ئاغرىشقا
باشلىدى، تىللىرى قۇرۇپ تاڭلىيىغا چاپلىشىپ كەتتى، ئۇ شەپە
بار ـ يوقلۇقنى ئوبدان تىڭشاپ ئاندىن قومۇشلۇقتىن چىقتى،
تۆت ئەتراپقا ئوبدان قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېقىۋاتقان دولقۇنلۇق
سۇدا يۈز ـ قوللىرىنى يۇدى، ئۇچۇملاپ سۇ ئىچتى، مۇزدەك سۇ
جېنىغا سەل ئارام بەردى، شۇ ئارىلىقتا سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان
تاۋۇزغا ئوخشاش يۇملاق بىر نېمە كۆزىگە چېلىقتى. تاۋۇزمىكىن
دېسە تاۋۇز ئەمەس، هوي، ئادەم بېشىدەك قىلامدۇ نېمە، نۇزۇ-

گۇم دىققەت قىلىۋىدى ، بۇ بىر بالىنىڭ بېشىنىڭ دەم چوڭكۇپ دەم لەيلەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى . ئۇ نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا سۇغا ئۆزىنى ئاتتى . بالىنى سۇدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى ، بالا نۇرغۇن سۇنى يۇتۇپ ئالغانىكەن ، نۇزۇگۇم ئۇنى دۇم قىلدى ، بالا نۇرغۇن سۇ ياندۇردى . بالا ئاخىر ھوشىغا كەلدى ، نوزۇگۇم ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى ، ئۆزىنىڭ بالا چاغلىرىنى ئەسلىدى .ئۆزىمۇ بىر كۈنى ئون ئىككى ياش چاغلىرىدا ئوغۇل - قىز تومەن دەرياسىدا سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋېتىپ كۆۋرۈك ئاستىدىكى قاينامغا كىرىپ كەتكەنىدى ، ئۇنى پېشىن نامىزىغا تەرەت ئېلىۋاتقان بىر كىشى قۇتقۇزۇۋالغان ۋە دۇم ياتقۇزۇپ قۇستۇرغانىدى ، ئۆزىمۇ شۇ چاغدا نۇرغۇن سۇنى يۇتۇۋالغانىكەن . نۇزۇگۇم بالا چاغلىرىدىكى شوخلۇقلىرىنى ئەسلەپ كۈلۈمسىرىدى ، نۇزۇگۇم بېشىدىكى دىشۋار چىلىقلارنى بىردەم ئۇنتۇپ كىچىك بالىنى ئەركىلەتتى .

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— مۇھەممەت .

— كىمنىڭ بالىسى سەن ؟

— بوۋامنىڭ .

— بوۋاڭنىڭ ئىسمى نېمە ؟

— بوۋام .

— نەدە تۇرىسىلەر ؟

— بىزنىڭ ئۆيدە .

— ئۆيۈڭلار نەدە ؟

— بىزنىڭ مەھەللىدە ، بىر توپ ئالمىنىڭ قېشىدا .

بالىنىڭ گەپلىرىگە نۇزۇگۇمنىڭ كۈلگۈسى كەلدى ، بالىدىن كۆپ ئىش ئۇققىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى ، قانداق

قىلىش كېرەك . بالىنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە يەتكۈزۈش كېرەكمۇ ؟ قاراڭغۇدا بالىنىڭ ئۆيىنى قانداق تاپار . كۈندۈزىچۇ ؟ كۈندۈزى خەقلەر كۆرۈپ قالسىچۇ ؟

نۇزۇگۇم خىيال ئىچىدە بالىنىڭ بېشىنى سىيلايتتى ، كۆزى ئەتراپتىن ئۈزۈلمەيتتى ، ئۇ سۇدا كېلىۋاتقان بىر قولۋاقنى كۆردى ، قولۋاق ئۈستىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پالاق ·ئۇر- غاچ تۆت ئەتراپقا قارايتتى ۋە توۋلايتتى .

— مۇھەممەت . . . مۇھەممەت ! جېنىم قوزام .

نۇزۇگۇم قومۇشلۇقتىن چىقتى ، بالىنى كۆتۈردى ، ئۈن سېلىپ ۋارقىرىمىدى ، لېكىن بېشىدىكى رومىلىنى سىلكىدى ، بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىدى . ئۇ قىرغاقتىكى نۇزۇگۇمنى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى نەۋرىسىنى كۆردى ، قولۋاقنى نوزۇگۇم ياققا ھەيدىدى ، بوۋاي نەۋرىسىنى قۇچاقلىدى .

— رەھمەت قىزىم ، نەۋرەمنى قۇتقازدىڭىز .

— ھېچقىسى يوق بوۋا .

— سىز قەيەردىن قىزىم ، ھېچ بىز تەرەپلەردە كۆرگەندەك قىلمايمەن .

نۇزۇگۇم ئاپئاق ساقال خۇددى خىزىردەك بوۋايدىن گەپ يوشۇرغۇسى كەلمىدى . ئۇنىڭغا تارتقان دەرد ـ ئەلىمىنى ، قەش- قەردىكى ئانىسىنى ۋە بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى ، بوۋاينى دادىسىغا ئوخشىتىپ يۈرىكىدە مېھرى شەپقەت دولقۇن- لىدى .

بوۋاي قىزنىڭ ھالىغا ئېچىندى ، مەھەللىسىدە چۆرگىلەپ يۈرگەن ئايغاقچىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى .

— قىزىم ، ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتسەم بولاتتى ، بىراق مە-

ھەللىدە مانجۇ چېرىكلىرى ، تىك ـ تىكچىلار كۆپىيىپ كەتتى . بىرى بولمىسا بىرى شەپكىزنى سېزىپ قالسا ئىشىمىز تەس بو-لىدۇ ، سىز مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭ ، مەن ھەر كۈنى بولمىسمۇ ئىككى ئۈچ كۈندە سىزگە نان ۋە باشقا كېتەرلىك نەرسىلەرنى ئەۋەتەي ، مۇشۇ بالامدىن ۋە مەندىن باشقا ھەرقانداق كىشىگە كۆرۈنۈش قىلماڭ . جاھان تارچىلىق بولۇپ كەتتى . ئا-دەم ئۆز يېرىگە سىغمايدىغۇ تاڭ .

بوۋاي قېپىقتىكى توردىن بىر نەچچە تال بېلىق ، نان ، سەرەڭگە ۋە بىر دانە مىس چۆگۈننى ئېلىپ قىزغا ئۇزاتتى . قىز بىلەن خوشلىشىپ قېيىققا چىقتى . نۇزۇگۇم چۆگۈنگە سۇ تول-دۇرىۋېلىپ قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى . قومۇشلار شۇۋىرلىشاتتى ، نۇزۇگۇمنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىغا قومۇشلار كۈيى جور بولدى .

قومۇشلۇق بولدى جايىم ،
بۆرى ، تۈلكە ھەمراھىم .
مۇنداق ئېغىر كۈنلەردىن ،
قۇتقۇزغايمۇ خۇدايىم .

يايى چىقتى تۇتقىلى ،
ئەجدىھا بولۇپ يۇتقىلى .
چېرىك مىلتىق تەگلەيدۇ ،
قومۇشلۇققا ئاتقىلى .

تەرەپ ـ تەرەپتە ئەكسىيەتچى چىڭ ھاكىمىيىتىگە ، ئۇنىڭ پارىخور چېرىك ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇم ـ زوراۋانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلەتتى ، ھېسابسىز ياشلار ، قېرىلار قانلىق باستۇرۇلۇپ ، تىرىك قالغانلار يامۇللارغا قاملاتتى . يامۇلدىن

قاچقانلارنى قوغلىغان چېرىكلەر يېزا ـ قىشلاقلار ، چوڭ يوللاردا ئادەم تۇتاتتى . قانداقلىقى ئادەم بولسا تۇتاتتى . گۇناھى بولسۇن ـ بولمىسۇن تۇتاتتى . گۇمانلىقلارنى قامايتتى ، گۇناھسىز دەپ قارىغانلاردىن تۆت ـ بەش مىڭ تەڭگە ئېلىپ قويۇپ بېرەتتى ، چېرىكلەر ، يايلار ، دوغىلار ھەممىسى شۇنداق قىلاتتى . قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ قولىغا گۇناھسىز دەپ ئىسپات بېرىلمەيتتى . ئادەم تۇتۇش ئۇلارنىڭ ئالتۇن ـ كۆمۈش توپلاپ ئۆزىنى بېيىتىشىنىڭ بىر خىل قورالىغا ئايلانغانىدى .

ھەر ئىككى ئۈچ ئايدا جەمئىيەتنى تازىلاش ، ئادەم تۇتۇش ھەققىدە ئېلان چاپلىناتتى . ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز غەم يەپ خاتىرجەم ياتالمايتتى ، كوچا ـ مەھەللىلەردە ھايقىرىشىپ يۈرگەن چېرىكلەرنىڭ ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانسىلا ئاھالە ئىشكنى چىڭ تاقاپ جىم يېتىۋالاتتى .

بۈگۈنمۇ كوچا ـ كويلارغا ئېلان چاپلاندى . نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە مىڭ سەر كۆمۈش ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئېلان مەھەللىدىكى تۆت كىشىنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان قاپاق تېرەككە چاپلاندى ، بوۋاي نەۋرىسىنى ئىملىدى . ئۇلار قاماق ، پالاقلىرىنى كۆتۈرۈپ دەريا تەرەپكە ماڭدى ، بوۋاي دەريادا قېيىق ئۈستىدە قالدى ، نەۋرىسى قومۇشلۇققا كىرىپ ئىسقىرىتتى . نۇزۇگۇم چىقىپ كەلدى .

ـــ ئېسەنمۇ سىز قىزىم ، يۈرۈڭ قاچايلى ، قانچە يىراققا كەتسىڭىز شۇنچە ياخشى .

ئۇ نۇزۇگۇمنى قېيىقتىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئاستىغا يوشۇردى ، نەۋرىسى قارماقنى تۇتۇپ ئولتۇردى . بوۋاي قېيىقنى ھەيدىدى . قېيىق دەريادا شىددەت بىلەن ئۈزۈشكە باشلىدى ،

ئۇلار دەريادا ئۈزاق ئۈزدى.
قىلىن ئورمانلىقتا تۇتاش قىرغاقتا كەلگەندە نۇزۇگۇم قىر-غاقنى ئىما قىلدى.
— مەن مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇناي ئاتا، — دېدى ئۇ ئور-مانلىقنى كۆرسىتىپ.
بوۋاي بېشىنى لىڭشىتتى. قېيىقنى قىرغاقتىن ئەپكەلدى، نۇزۇگۇم قېيىقتىن چۈشتى.
— رەھمەت ئاتا، ئاتامغا ئوخشاش مېھرىبان ئىكەنلا.
— ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن قىزىم، مەن بىر ھەپتىلەردىن كېيىن كېلىمەن.
بوۋاي قېيىقتىن نان ـ توقاچ، سۈزمە قاتارلىق يېمەكلىك-لەرنى ئېلىپ نۇزۇگۇمگە ئۇزاتتى. نۇزۇگۇم خىجىل بولۇپ قال-دى.
— ھېلىمۇ سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم ئاتا.
— تۈزۈت قىلما، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول قىزىم.
— بولىدۇ ئاتا.
ئۇ ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

نۇزۇگۇم ئورمانلىقلاردا، تاغلاردا بىر ئايدىن ئارتۇق يو-شۇرۇندى، سوغۇق قىش كەلدى. ئەمدى تاغو ـ دەشتلەردە جان ساقلىماق تەس بولدى، نۇزۇگۇم سال بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ كەڭ ئېتىز تەرەپكە يول ئالدى. ئېتىزلىقتا دۆۋە ـ دۆۋە مەڭگەن سامانلار سوغۇق شامالدىن تىترىگەندەك شۇمشەرەپ تۇراتتى. نۇزۇگۇم دەريادىن بىر چۆگۈن سۇنى ئېلىپ ئېتىزلىققا ماڭدى. دەرياغا يېقىنراق ئېتىزدىكى بىر دۆۋە مەڭگەننىڭ قېشىغا بېرىپ يۈكۈندى. ئىككى تال كېسەكنى قويۇپ چۆگۈننى ئاستى. سا-

مان قالاپ چاي قايناتتى . خالتىسىغا قارىدى ، ناننىڭ پارچە ـ پۇراتلىرى قاپتۇ . بۇلار تۇگىسە قانداق قىلار ، ئۇ مەڭگەنلەرنىڭ ئارىسىنى تىتىپ بىر مۇنچە بۇغداي باشاقلىرىنى تاپتى . ئۇنى ئۇ ـ ۋۇلىدى ، يىرىك دانلارنى ئېتىكىگە چۇشۇرۇپ چۆگۈنگە سالدى . خامانلىقتا تېنەپ يۇرگەن قۇچقاچلاردىن بىر نەچچىنى باسماق قويۇپ تۇتۇۋالغانىدى ، ئۇلارنى يۇڭۇزلاپ ، تازىلاپ ئۇنىمۇ بوۋاي بەرگەن مىس چۆگۈنگە سالدى . چۆگۈن قايناشقا ۋە بوغداي ۋە قۇشقاچ گۆشىنىڭ شورپىسىنىڭ خۇشبۇي ھىدى تارقىلىشقا باش ـ لىدى .

ئۇ ئاكىسىنى خىيال قىلدى ، بىچارە نېمە قىسمەتلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن . باقى چۆل ـ باياۋانلاردا مەنچىك چېرىكلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ يۇرەمدىكىن ، ياكى بىرەر يەردە پېشكەللىككە ئۇچرىدىمىكىن .

نۇزۇگۇم كونا غەلۋۇرنىڭ قاسقىنىغا يۆگەپ باسماق قىل ـ غان رومىلىنى يەشتى . ئۇنى مەڭگەن ئۇستىگە داستىخان قىلىپ سالدى ، خۇش پۇراق بۇغداي كۆجىسىنى ياغاچ تاۋاققا تۆكتى ، نۇزۇگۇم كىچىك چاغلىرىدا مومىسى دېنى تېخى قاتمىغان سۇتلۇك بۇغدايدىن كوجا ئاش دېگەن ئاشنى ئېتىپ بېرەتتى . بۇ ئاشقا چامغۇر ، پىياز ، لازا ، پەمدۇر سالاتتى . سۇتلۇك بۇغداي دانلى ـ رىنى سېلىپ ئەتكەن ئاش شۇنداق مەززىلىك بولاتتى . نۇزۇگۇم بۇ ئاشقا بۇغداي ئاش ، باشاق ئاش دەپ ئات قويۇۋالغانىدى ، ئۇ بۇنداق ئاشنى ئىچىشكە ئامراق ئىدى . ھازىر قازاندىكى بۇغدايلار پىشتى . بىراق ، بۇنىڭدا چامغۇر ، پىياز ، لازا ، پەمدۇر تۇز دې ـ گەن نەرسە يوق ئىدى ، شۇنداقتىمۇ بۇ ئاش نۇزۇگۇمنىڭ مۇزلاپ كەتكەن ۋۇجۇدىنى ئىسسىتتى . ئۇ ئاستا ناخشا ئېيتتى .

يالغۇز ياتتىم خاماندا ،
ئاش پىشۇردۇم ساماندا .
ئاجىز نۇزۇك جاڭگالدا ،
باقى يۇرەر قاياندا .

قومۇشلۇق بولدى جايىم ،
بۆرى تۈلكە ھەمرايىم ،
مۇنداق ئېغىر كۈنلەردىن ،
قۇتقازغايمۇ خۇدايىم .

نۇزۇگۇم مەڭگەنلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ قارا قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقىۋالدى .

نۇزۇگۇم قەشقەر تەرەپكە قاراپ تەلمۈردى ، بىراق قېچىپ كېتەلمىدى ، يول ـ يوللارغا چازىلار قۇرۇلۇپ ئۆتكۈنچى يولۇچىلار قاتمۇ قات تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتەتتى ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شۇنچە كەڭ زېمىنى كىشلەر ئۈچۈن تار بىر قەپەسكە ئايلانغانىدى .

مانجۇ چېرىكلىرى نۇزۇگۇمنى ئالتە ئاي ئىزدەپ تاغ ـ دەشتلەرنى قىدىرىپ يۈرۈشتى ، كېيىن ئايغاقچىلاردىن بىرى قومۇشلۇقتىن چىقىۋاتقان ئىسنى كۆرۈپ قالدى ، ئۇ ئاۋۋال شەپە چىقارماي ئۇ يەرنى كۆزەتتى ، كېيىن باشقىلارغا خەۋەر بەردى . نەچچە يۈز چېرىك ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى . قومۇشلۇققا ئوت قويۇشتى ، نۇزۇگۇم ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ كەلگەن ئايغاقچىنى خەنجەر بىلەن جەھەننەمگە ئۇزاتتى .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ باھادىر قىزى مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى .

نـامەردنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىمۇ تولا بولىدۇ . ئۇلار بۇ كې-
يىكتەك چاقچان تاغ يۈرەك قىزنى قولغا چۈشۈرەلمەسلىكىگە كۆزى
يېتىشتى . نەدىندۇر بىلىق تورى تېپىپ كېلىشىپ قىزنىڭ ئۈس-
تىگە تور تاشلاشتى ، نۇزۇگۇمنى شۇنداق قىلىپ تۇتۇپ ئېلىش-
تى . نۇزۇگۇم بۇ نامەرد چۈپرەندىلەرنى مەنسىتمىدى . يول بويى
ناخشىسىنى ئېيتىپ ماڭدى .

مېنى تۇتۇش قەستىدە ،
ئوتنى قويدى قومۇشقا .
خاندىن بۇيرۇق چۈشۈپتۇ ،
سۇلۇن كۆزۈم ئويۇشقا .

كەپە قىلدىم ياۋانغا ،
چېرىك كەلدى داۋانغا .
جېنىم ئازلا قالغاندا ،
تۇتۇلدۇم مەن قاۋانغا .

مانجۇ چېرىكلىرى نۇزۇگۇمنى باغلاپ ئاتقا مىندۈرۈشتى ،
نۇزۇگۇم ئۆلتۈرگەن چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئاتلارغا ئار-
تىشتى . شەھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ خەۋەرچى كەتتى . نۇ-
زۇگۇمنى ئېلىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشتى .

نـۇزۇگۇمنى يامۇلغا ئېلىپ كېلىپ قاماشتى . قوراللانغان
چېرىكلەر يامۇلنىڭ ئەتراپىغا مۇداپىئە سېپى تۈزدى . ئۇلار خەلق-
نىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى . نۇزۇگۇمنىڭ قولىغا
كويزا ، پۇتىغا كىشەن ، بوينىغا تاقاق سالدى . ئۇلار نۇزۇگۇمنىڭ
يامۇلنىڭ قاتمۇ قات تاملىرىدىن ئۆتۈپ ئەركىنلىككە چىقىشىدىن
ئەنسىرەيتتى . نوزۇگۇمنىڭ كارامەت باتۇرلۇقىنى ئاڭلىغان جاڭ-

جۇن نوزۇگۇمنى ئۆزى سوراق قىلدى .
— ئىسمىڭ نېمە ؟
— نوزۇگۇم .
— سەن قەيەردىن ؟
— مۇشۇ مۇقەددەس زېمىندىن .
— دالاۋېيىنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ ؟
— شۇنداق .
— سەن بىر قىز بالا ، چوقۇم شېرىكلىرىڭ بىلەن قىلغان گەپ ، شېرىكلىرىڭ كىملەر ؟
— بىلمەيمەن .
— راست گەپ قىل ، شېرىكلىرىڭنى ئېيتسەڭ بەرمىسەڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن .
— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل ياۋۇز . بۈگۈن ھوقۇق ، قورال ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدا . سەن بىز پۇقرالارنىڭ قېنىدىن دەريا ، كالللىسىدىن تاغلار ياسىدىڭ ، قان - تەرىمىزنى ئىچىپ ، ئۆزۈڭنى سەمرىتتىڭ .
— شېرىكلىرىڭنى ئېيتساڭ ساڭا ھوقۇق ، ئەركىنلىك بېرىمەن ،
— ھوقۇق ، ئەركىنلىك ساڭا مەڭگۈ باقىۋەندە ئەمەس . خارلانغان ئەل ئويغىنىدۇ ، چوقۇم بىر كۈن باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ . قەيەردە زۇلۇم كۆپ بولسا شۇ يەردە قوزغىلىشمۇ تېز بولىدۇ ، سەنلەرنىڭ تاجۇ تەختىڭنى خەلق ھامان غۇلىتىدۇ ، ساڭا چاشقان تۆشۈكى ساراي بولىدۇ .
— بۇ خېلى گەپدان ئىكەنغۇ ، ئۇنىڭغا ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇڭلار .
نۇزۇگۇمنىڭ قولىنى ئارقىسىغا باغلاشتى . توم ئارقاندا

تورۇسقا ئاستى، تاپىنىغا داغماللارنى يېقىشتى. نۇزۇگۇم بىر ئېغىز سۆز قىلمىدى. ئۇلار نۇزۇگۇمنى ئاسقۇدىن يەرگە چۈشۈردى، قولىلىرىنى قىسقاچ بىلەن قىستى. بارماقلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى قىرىسلاپ سۇنغاندا نۇزۇگۇم ھوشىدىن كەتتى. سوغۇق سۇ چېلەكلەپ بېشىغا قۇيۇلغاندا ئۇ ھوشىغا كەلدى.

— راستىڭنى ئېيت، شېرىكلىرىڭ كىملەر؟

نۇزۇگۇم لەۋلىرىدىن سىرغىغان قاننى يەرگە تۈكۈردى، قەددىنى روسلىدى، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت تولدى، ئۇ جاراڭلىق ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

— مېنىڭ شېرىكلىرىم جاپاكەش خەلق.

جاڭجۇن ئۇنىڭ سۆزلىگىنىنى ئەيۋەشكە كېلىشكە باشلىغىنى دەپ چۈشەندى ئەتىمالىم سوئالنى داۋام ئەتتى.

— ئۇلار نەدە، نېمە ئىش قىلىدۇ؟

نۇزۇگۇم كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇلار مۇشۇ زېمىندا ياشايدۇ. ئاشلىق تېرىيدۇ، پاختا تېرىدۇ، مال باقىدۇ، خاڭ قازىدۇ، سەنلەرنىڭ بالاخور تويماس نەپسىڭلارنى تويدۇرىدۇ. سەنلەرنىڭ كۆھىقاپتەك تولماس يانچۇقىڭلارنى بايلىققا تولدۇرىدۇ.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ.

تىلماچ نۇزۇگۇمنىڭ گەپلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىن ئەيمەندى.

— ھە ئۇ ئىخرا قىلىۋاتىدۇ، شېرىكلىرىم ئاشلىق تېرىدۇ دەيدۇ.

— ھە، ھە، داۋاملىق سۆزلە، — دېدى جاڭجۇن جانلىنىپ.

— سەنلەر ئۇلارنىڭ ئاخىرقى لوقمىسىنى ئېغىزدىن تارتىپ

ئېلىشتىڭ، ئەمدى ئۆلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىنىمۇ تارتىپ ئالماقچى، سەن ئۆلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇپ بۇ زېمىنغا ئۆزۈڭ ئىگە بولماقچى، سەن مەقسىتىڭگە يېتەلمەيسەن، خەلق چوقۇم قوزغىلىدۇ، سەنلەردىن قىساسىمىزنى ئالىدۇ.

جاڭجۇن تىلماچىسىزمۇ نۇزۇگۇمنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندى، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، قىسماق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلدى. توڭكاي چىشلىرى غىچىرلىدى.

— جاللات!

جاللاتلار يېتىپ كېلىشتى.

نۇزۇگۇم مەسخىرە كۈلكىسىنى كۈلدى ئاندىن جاراڭلىق ئاۋازدا ئېيتتى:

نۇزۇك قولۇم باغلاندى،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى.
قەشقەردىكى ئاتامنىڭ،
يۈرەك باغرى داغلاندى.

بۇيرۇقىڭنى بەر جاللات،
مېنى دارغا ئېسىشقا.
ئەل قىساسى مىنەلھەق،
ساڭا يول يوق قېچىشقا.

مېنى دارغا ئاسقاندا،
ئاگاھ بول ئۆز ئىشىڭغا.
روھىم گۇرزى ئۇمىد بولۇپ،
بىر كۈن تېگەر بېشىڭغا.

شەھەرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دۆڭ بۇگۈن ئادەم دېڭى-
زىغا ئايلانىدى ، يول ـ يوللاردا دەۋرەپ كېلىۋاتقان ئادەملەر
سان ـ ساناقسىز ئىدى . چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قورشاۋىدا قەپەس-
لىنىپ ھارۋىدا كېلىۋاتقان نۇزۇگۇمنىڭ پۇتلىرى كىشەنلەنگەن ،
قوللىرىغا كويىزا ، بوينىغا تاقاق سېلىنغانىدى . ئۇنىڭ گۈزەل جا-
مالى سارغايغان ، قېيىن ـ قىستاق ، تاياق ـ توقماق زەربىدىن بە-
دەنلىرى تىتىلغان ، گۈللۈك كۆڭلىكى يارىلىرىغا چاپلىشىپ
كەتكەنىدى . سۇمبۇل چاچلىرى بولسا چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى .
ئەكسىيەتچىلەر ئۇنىڭ قول ـ پۇتلىرىنى كىشەنلىگەن بىلەن ئۇ-
نىڭ قەددىنى پۈكەلمىگەن ، ئاۋازىنى بوغالمىغانىدى ، ئۇ ناخشا
ئېيتماقتا ئىدى :

سەل ئەمەستۇر ئاققانلار ،
بىزنىڭ تۆككەن يېشىمىز .
قانلىق قىلىچ دەستىدىن ،
كېسىلمەكتە بېشىمىز .

كۆيۈپ يانسۇن زالىملار ،
تاجۇ تەختى گۇم بولسۇن .
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى ،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن .

بۇ قىزغا مىڭلاپ كۆزلەر تىكىلگەن ، قىز ـ ئاياللارنىڭ
قەلبىدىن بۇ جەسۇر ئار ـ نومۇسلۇق ، ئىپپەتلىك قىزغا ئاپىرىن
ئالقىشلار ياڭراتتى . ئۆز مىللىي غۇرۇرىنى ، ئىپپىتىنى ئۆز ھاياتى
بىلەن قوغدىغان بۇ قەھرىمان ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ قەلبى-
دىن ئورۇن ئالماقتا ئىدى .

مويسىپىتلار قىز ئۇچۇن دۇئا قىلىشاتتى .

چېرىكلەر نۇزۇگۇمنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ يەرگە تىزلاندۇرۇشتى ، ئۇنىڭ بويىنىدىكى تاقاق ، پۇت ـ قوللىرىدىكى كويزا ـ كىشەنلەر ئېلىپ تاشلاندى ، ئۇ خەلققە قاراپ ئۇچ قېتىم تەزىم قىلدى ، كېيىن قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلدى ، كېيىن خەلققە قاراپ جاراڭلىق ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى :

غەم بىلەن بېشىڭنى ئەگمە ،
بىزنى باسقان تۇن پۈتەر .
ئاخىرى قۇياش چىقار ،
بىزنى بەختلىك كۈن كۈتەر .

چېرىكلەر خەلقنى ھەرقانچە توسقىنى بىلەن خۇددى كەلكۈنگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن شاخ ـ شۇمبىدەك سۈرۈلۈۋېرىپ مەيدان تارلىشىپ كەتكەنىدى . خەلقنىڭ دەۋرەپ كەتكىنىدىن لەشكەر بېشى ئەنسىرەپ قالدى . ئۇ دەررۇ قىلىچىنى ياندىن سۇ-غۇرۇپ نۇزۇگۇمنىڭ بوينىغا چاپتى ، نۇزۇگۇمنىڭ بېشى دۇگى-لەپ چۈشۈپ سۇمبۇل چاچلىرى يېيىلدى ، ئاھ - زارلار غەزەپلىك سادالار ئاسماننى چاك كەلتۈردى .

خەلق دولقۇندەك تۈرۈلۈپ چىك لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يېپىلدى .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىز پۈكمەس باتۇر قىزى ، ئوت يۈرەك شائىرە نۇزۇگۇم ئۆزىنىڭ قىسقا لېكىن شانلىق ھاياتىنى ئەكسى-يەتچى چىك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدا ئاشۇنداق ئاياغلاشتۇردى .

چىك لەشكەرلىرىنىڭ يولىنى توساپ كېچىلەردە جەڭ قى-لىپ يۈرگەن باقىنىڭ بىر نەچچە سەپدىشى ئاقسۇدا قولغا چۈش-تى . باقى مارالبېشىغا قايتىپ ئادەم توپلىدى . ئۇن يىگىرمە ئوت

يۇرەك باتۇر يىگىتلەر ئاتلىنىپ ئاقسۇدا قولغا ئېلىنىپ تۇتۇۋېلىش ئورنىدا ياتقان يىگىتلەرنى تۈرمىگە قامالغىچە قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن يولغا ئاتلاندى. كېچىلەپ يول يۈرۈپ كېچىسى تۇتۇۋېلىش ئورنىغا يېتىپ باردى. بىر نەچچە كۈن ئەتراپىنى كۆزەتتى. مەھبۇسلار بىر قەۋەتلىك ئۆيگە قامالغانىدى. ئارىدىن تام تېشىدىغانلار چىقىپ قالدى.

ئۆگزىدىكى قاراۋۇلنى باقى جىمىقتۇردى، ئۆگزىنى تام تېشەرلەر تەشتى. ئۇلار بايلارنىڭ، خانلارنىڭ سارايلىرىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى تېشىپ پىشىپ كەتكەنىدى، ئارغامچا چۈشۈرۈپ يەتتە مەھبۇسنى قوتۇلدۇرۇپ چىقتى. بايلارنىڭ ئېغىلىنىڭ كەينىنى تېشىپ ئاتلارنى چىقىرىپ ئېگەرلەشتى، كۈچارغا بېرىپ مۇزات ئارقىلىق ئىلىغا يۈرۈپ كەتتى.

نۇزۇك يارىم ئامانمۇ،
رەڭگىرويى سامانمۇ.
نۇزۇگۇمغا چاڭ سالغان،
مانجۇ بېگى قاۋانمۇ.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
پۇرسەت كۈتۈپ ياتارمەن.
چۈشكەن چاغدا قاراڭغۇ،
سېنى چوقۇم تاپارمەن.

ئۇلار ئىلىغا يېتىپ كېلىپ يېرىم كېچىدە دەڭگە چۈشتى. تاڭ يورۇماستا دەڭدىن چىقىپ چوڭ يولتۇز يېزىسىغا ئاتلاندى، يولدا شەھەردىن قايتقان بازارچىلارنىڭ پارىڭىدىن نۇزۇگۇمنىڭ جاللاتلارنىڭ قولىدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى ئاڭلىدى. با-

قىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى .
ئاخىرى چوڭ يۇلتۇزغا بېرىپ شىشەن دالۋىسىنىڭ ھەممەتلىك قورۇسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى . كېيىن شەھەرگە قايتىپ كۈندۈزلىرى يوشۇرۇنۇپ يۈردى . كېچىلىرى يول توسۇپ ، سوتچى سوراقچى ، لەشكەر بېشى ، يايى دېگەنلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىپ يۈردى . چوڭ ئەمەلدارلار ، مانجۇ بەگلىرى ، بۇ بىر توپ « بۇلاڭچىلار » نىڭ دەستىدىن كېچىسى ئۆيىدىمۇ خاتىرجەم ياتالمايدىغان ، تالاغا چىقالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى .
باقى نۇزۇگۇمنىڭ جەسىتىنى گۈل ـ گىياھلار بىلەن قاپلانغان تاغ باغرىغا دەپنە قىلدى ، بىر ئەسىردىن بېرى نۇرغۇن ھۆكۈمەت ئالماشتى . خەلق دۈشمەنلىرى جەھەننەمگە راۋان بولدى ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ، نەپرەتلىك نامى توپا ـ چاڭدەك بېسىقتى .
ئەمما نۇزۇگۇمنىڭ نامى ئەل قەلبىدىن ئۆچمىدى ھەم مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ .
1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى .

بۇ ئەسەردىكى قوشاقلار خەلق داستانى « نۇزۇگۇم » دىن ئېلىندى .

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇرنىسا ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۇل كېرەم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

**سەھەردە كۆرگەن چۈش**

ئاپتورى : تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 3,000
ISBN7—228—06590—5/I • 2426
باھاسى : 8.00 يۈەن

封面设计:艾克拜尔·萨里



ISBN 7-228-06590-5
I·2426(民文)定价:8.00元

ISBN 7-228-06590-5
9 787228 065905 >